بسم الله الرحمن الرحيم

مۇھەممەد يۈسۈپ

# ئازغۇن پىرقىلەر

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى

مۇھەممەد يۇسۇپ

# ئازغۇن پىرقىلەر

2018 - يىل نويابىر

بىرىنچى نەشرى

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشر قىلدى

ئىستانبۇل - تۈركىيە

# مۇندەرىجە

**مۇقەددىمە** ........ 005
**خاۋارىجلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا قىلغان زىيانكەشلىكى** ........ 007
**شىئەلەر ھەققىدە مەلۇمات** ........ 019
شىئەلەرنىڭ مەشھۇر پىرقىلىرىنى تۆۋەندىكىچە خۇلاسىلاشقا بولىدۇ ........ 020
شىئەلەرنىڭ بىر قىسىم غەلىتە ئېتىقادلىرى تۆۋەندىكىچە ........ 024
ئۆلىمالارنىڭ شىئەلەر ھەققىدە ئېيتقانلىرى ........ 028
نېمە ئۈچۈن بەزى شىئە تائىپىلىرىنى كاپىر دەيمىز؟ ........ 030
مۇسۇلمانىنىڭ مەيدانى ئېنىق بولۇشى لازىم ........ 033
**تەكفىر ئېقىمى ۋە ئۇنىڭ خەتىرى** ........ 035
تەكفىر ئېقىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ........ 036
كاتتا ئۆلىمالارنىڭ خاۋارىجلار ھەققىدە ئېيتقانلىرى ........ 037
تەكفىر ئېقىمىغا تۈرتكە بولغان ئامىللار ........ 039
زامانىمىزدا ئوتتۇرىغا چىققان تەكفىر ئېقىمىنىڭ ئەۋج ئېلىش سەۋەبلىرى ........ 040
كۇفرى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ........ 042

ئېتىقادتىكى كۇفرىلىقنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە ................. 044
ئەمەلدىكى كاپىرلىقنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە ................ 047
تۈر بىلەن شەخسلەرنى ئايرىش مەسىلىسى ........................ 053
مۇسۇلماننى كاپىر دېيىش ئوڭاي ئەمەس ............................ 055
مۇسۇلماننى كاپىر دېيىشكە بولمايدۇ ................................ 057
تەكفىرنىڭ خەتەرلىرى ............................................................ 058
كىشىلەر ئىسلام دىنىغا قانداق كىرىدۇ؟ ................................ 060
ئىمانى بىلەن ئۆلگەن ئادەم جەننەتكە كىرىشكە لايىقتۇر .......... 063
ئىسلامدىن چىقىپ كېتىشكە سەۋەب بولىدىغان ئامىللار ....... 066
چوڭ گۇناھلار ئىماننى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئەمما ئىماندىن
چىقارمايدۇ ............................................................................ 068
ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن باشقا گۇناھلار كەچۈرۈم
قىلىنىدۇ ................................................................................ 071
بىر ئادەمدە ئىمان ۋە كاپىرلىقنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ
تېپىلىشى ................................................................................ 074
ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئىتائەتچانلىقتا بىر خىل ئەمەسلىكى ....... 076
**ھىزبۇتتەھرىر** ............................................................................ 079
بىرىنچى، ھىزبۇتتەھرىرنىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولغان
ئامىللار ................................................................................ 080
ئىككىنچى، ھىزبۇتتەھرىرنىڭ قۇرغۇچىسى ........................... 084
ئۈچىنچى، ھىزبۇتتەھرىرنىڭ قۇرۇلۇشى ............................... 086

تۆتىنچى، ھىزبۇتتەھرىر تارقالغان جايلار........ 088
بەشىنچى، ھىزبۇتتەھرىرنىڭ تەشۋىقات قورالى........ 090
ئالتىنچى، ھىزبۇتتەھرىرنى تەنقىدلىگۈچىلەر نېمە
دەيدۇ؟........ 091
يەتتىنچى، فىقھىي كۆزقاراشتىكى خاتالىقلار........ 096
ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ غايىگە يېتىش باسقۇچلىرى........ 104
ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ غايىگە يېتىش مۇددىتى........ 104
خۇلاسە سۆزىمىز........ 105
**قۇرئانچىلار ۋە ئۇلارنىڭ سەپسەتىلىرى**........ 108
قۇرئانچىلار ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى........ 108
ھەدىس ئىسلام قانۇنىنىڭ ئىككىنچى چوڭ مەنبەسىدۇر........ 111
ئىسلام ئۈممىتىنىڭ «قۇرئان كەرىم» نى چۈشىنىشتە
ھەدىسكە بولغان ئېھتىياجى........ 115
ھەدىسنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ھۆكمى........ 116
ھەدىسلەرگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ دېگەن سەپسەتىگە
رەددىيە........ 118
**مەزھەپ ئىنكارچىلىرى**........ 121
**ساختىلاشقان سەلەپىيلەر**........ 129
سەلەپ سالىھلار كىملەر؟........ 129
سەلەپ ۋە سەلەپىيلىك........ 130
سەلەپىسالىھىنلارنىڭ يولى چەكلىك ئەمەس........ 132

سەلەپىيلىك دەۋاسى قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى
سەلەپىيلەر ئەمەس........................................................................ 134
ھەقىقىي سەلەپىيلىك پەيغەمبەرنىڭ يولىدا ئىزچىل
مېڭىشتۇر........................................................................................ 135

## مۇقەددىمە

پۈتـۈن ھەمدۇسـەنا ۋە گـۈزەل ماختاشـلار ئالەملەرنىـڭ پەرۋەردىـگارى ۋە مۆمىنلەرنىـڭ ياردەمچىسـى ئۇلـۇغ ئاللاھقـا خاسـتۇر. ھـەق دىنىنـى ئىنسـانىيەتكە يەتكـۈزۈش ئارقىلىـق، ئۇلارنـى كۇفـرى ۋە ئازغۇنلۇقنىـڭ قاراڭغۇلۇقىدىـن قۇتۇلـدۇرۇپ، ئىمـان نۇرىغـا ئېلىـپ چىققانئىنسـانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىـق ئۆلگىسـى، سـۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىـز ھەزرىتـى مۇھەممـەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلـە ـ تەۋابىئاتلىرى ۋە سـائادەتمەن سـاھابى كىراملىرىغا، شـۇنىڭدەك، قىيامەتكىچە ئۇلارغـا ئەگىشـىپ، ئۇلارنىـڭ يولىدىـن يۈرگـەن پۈتـۈن مۆمىـن ـ مۇسـۇلمانلارغا ئامانلىـق بولسـۇن!

قەدىمـدە خاۋارىـج، شـىئە ۋە مۇئتەزىلـە دېگەنـدەك بىـر تۈركـۈم ئىدىيىۋىـي ئېقىـم ۋە پىرقىلـەر ئوتتۇرىغـا چىققـان بولسـا، زامانىمىـزدا قۇرئـان ۋە ھەدىسـنىڭ كۆرسەتمىسـى بويىچـە يـول تۇتـۇپ كېلىۋاتقـان مۆمىـن ـ مۇسـۇلمانلارغا قارشـى يەنـە بىر قىسـىم ئازغۇن پىرقـىلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، مۇسـۇلمان ئاممىسـىنىڭ بىرلىكىگـە ۋە جامائەتچىلىكىگـە ئېغىـر دەرىجىـدە بۇزغۇنچىلىـق قىلماقتـا. بۇرۇنقىدىـن تارتىـپ پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىـڭ مۇبارەك سـاھابىلىرىنىڭ

يولىدا ماڭغان مۇسۇلمانلار ئاممىسى «ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائە» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بىر قىسىم پىرقە ۋە جامائەتلەر تەرىپىدىن غەرەزلىك ھالدا مەلۇم بىر مەزھەپ سۈپىتىدە تەرىپلىنىشكە باشلىدى. ھالبۇكى، «ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائە» خاۋارىج ۋە شىئە مەزھىپىگە ئوخشاش كېيىنچە ئوتتۇرىغا چىققان مەزھەپ بولماستىن، بەلكى ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان، مۇتلەق كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلار ئاممىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائە» ئەقىدىسى ۋە ئۇلارنىڭ يولىغا قارشى ئوتتۇرىغا چىققان ھەرقانداق ئىدىيىۋىي ئېقىم ۋە كۆز قاراشلارنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ، بەلكى ئۇلارنى قەتئىي رەت قىلىپ، زەربە بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

يېقىندىن بېرى «قۇرئانچىلار»، «ھەدىس ئىنكار-چىلىرى»، «مەزھەپسىزلەر» دېگەندەك بەزى دىنىي پىرقىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ زېھنىنى قالايمىقان قىلىۋەتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن قولۇمۇڭلاردىكى بۇ «ئازغۇن پىرقىلەر» ناملىق كىتاپچىنى ھازىرلاپ، كەڭ مۇسۇلمان خەلقىمىزنىڭ دىققىتىگە سۇندۇق. جانابى ئاللاھ ھەممىمىزنى ئازغۇن يوللاردىن ساقلاپ، قۇرئان ۋە سۈننەت يولىدىن ئايرىمىسۇن، ئامىن!

مۇھەممەد يۇسۇپ

# خاۋارىجلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا قىلغان زىيانكەشلىكى

خاۋارىج – «خارىج» يەنى (چىققان) دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، دىنىنىڭ روھىدىن چەتنەپ، ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ يولىدىن چىقىپ كەتكەن بىر ئىسلام پىرقىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاخىرقى دەۋرى ۋە تۆتىنچى خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىق ساھابى كىراملارنى «كۇفرى»لىق بىلەن ئەيىپلەپ، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغان.

ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىچە، خاۋارىجلار تارىختىن بېرى قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ يولىدا ماڭغان، ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرگەن مۇسۇلمانلار توپىغا قارشى ھەرىكەت قىلىپ كەلگەن ئۆكتىچى ئازغۇن بىر پىرقىدۇر.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە خاۋارىجلار توغرۇلۇق

مۇنداق دېگەن:« خاۋارىجلار- دىنىنىڭ روھىدىن چىقىپ كەتكەن ئازغۇن بىر پىرقىدۇر. شۇڭا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان. كۆپ سانلىق ساھابى كىراملار، ساھابى كىراملاردىن كېيىنكى تابىئىن ۋەسەلەپ سالىھلارنىڭئومۇمەن كۆپ قىسمى ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئېيتقان. ئەمما ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس قاتارلىق بۇيۈك ساھابىلەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى «كاپىرلار» دېيىشتىن ئۆزلىرىنى تارتقان[1].



پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇ پىرقە، يەنى خاۋارىجلارنىڭ چىقىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر بەرگەن. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، سەھل ئىبنى ھۇنەيف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇبارەك قولى بىلەن ئىراق تەرەپكە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «ئۇ جايدىن شۇنداق بىر قەۋم چىقىدۇكى، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، ئەمما قۇرئان ئۇلارنىڭ قەلبىگە يېتىپ بارمايدۇ، ئۇلار ئىسلامدىن خۇددى ئوق يادىن چىقىپ كەتكەندەكلا چىقىپ كېتىدۇ» دېگەن. شۇنىڭدەك ئىمام ئىبنى ماجە ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن

[1] «پەتىۋالار مەجمۇئەسى» 3 – توم، 282 – بەت.

رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خاۋارىجلار دوزاخنىڭ ئىتلىرىدۇر»[1] دېگەن.

سەئۇدى ئەرەبىستان ئۆلىمالىرىدىن ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى سالىھ مۇنەججىد: «خاۋارىجلار ئىسلام روھىدىن چەتنەپ كەتكەن بىدئەتچى پىرقىدۇر» دەپ، ئۇلارنىڭ ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائە ئەقىدىسىگە يات ئىدىيىۋى قاراشلىرىنى تۆۋەندىكىدەك تۆت نوقتىغا خۇلاسىلىغان:

1. ئىمان كەم ــ زىيادە بولمايدۇ.

2. پەرزنى تەرك ئەتكەن ئادەم كاپىردۇر.

3. چوڭ گۇناھ قىلغان ئادەم كاپىردۇر.

4. مۇسۇلمان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ مەزھىپىدە بولمىغانلارنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈش[2].

خۇلاسە: ئىسلام دۇنياسى تۆتىنچى خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە ھەر خىل ئىسىم ۋە ھەر خىل نىقابلار بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرغان خاۋارىجلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قەتئىي خالىي بولالمىدى. ئۇلار ئىسلام دەۋاسى ۋە تەقۋالىق نىقابلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلارنى ئازدۇردى ۋە نۇرغۇنلىرىنى نابۇت قىلىۋەتتى. ئۆلىمالار

[1] بۇ ھەدىسنى ئەللامە ئەلبانى «سەھىھ» دەپ باھالىغان.

[2] مۇھەممەد ئىبنى سالىھ مۇنەججىدنىڭ «سوئال – جاۋابلىرى»175217.

ھەر دەۋردە ئوتتۇرىغا چىققان بۇ خاۋارىجلارنىڭ ئاساسلىق سۈپەتلىرىنى مۇنداق ئىخچاملايدۇ: ئۇلار ياشتا كىچىك، ئەمما ئارزۇلىرى چوڭ، زاھىرى ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىدۇ، كۆپ ناماز ئوقۇيدۇ، كۆپ روزا تۇتىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىنىڭ كۆپلىكىدىن ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ ئىبادەتلىرىنى ئىنتايىن ئاز ساناپ قالىدۇ. ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، ئەمما قۇرئان ئۇلارنىڭ بوغۇزىدىن ئۆتمەيدۇ (قەلبىگە يېتىپ بارمايدۇ)، ئۇلار قۇرئان ئايەتلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى تۆكۈش ئۈچۈن سۈيىئىستېمال قىلىدۇ. ئۇلار ئەينى چاغدا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ۋە مەرۋانىنىڭ زامانىدا يۈز بەرگەن پىتنە زامانىدا ئوتتۇرىغا چىققىنىدەك، ھازىرمۇ مۇسۇلمانلار سىرتقى دۈشمەنلەر بىلەن بەند بولۇپ قالغان ۋە پىتنە- پاسات يامراپ كەتكەن زامانلاردا ئوتتۇرىغا چىقماقتا.

خاۋارىجلار ئۆزلىرىنى ھەقىقي مۇسۇلمان جامائىتى ۋە تەقۋادار مۆمىنلەر دەپ گۇمان قىلىدۇ، گۇناھ – مەئسىيەت سادىر قىلغان ھەرقانداق باشلىققا ۋە قوماندانغا قارشى ئۇرۇش قىلىش پەرز دەپ قارايدۇ. ئۇلار شۇ سەۋەبتىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قارشى تەرەپنىڭ ئۇرۇش توختىتىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلغانلىقى سەۋەبلىك كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىپ، ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە تۇرغانلارنىڭ ھەممىسىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلغان. ئۇلار ئاتىدىن بالىغا قېلىشتىن ئىبارەت

تەخت ۋارىسلىق قائىدىسى بويىچە مۇسۇلمانلارغا باشلىق بولغانلارغا قارشى جىھاد قىلىش پەرز دەپ قارايدۇ.[1]

خاۋارىجلار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشتە تۆۋەندىكى ئۈچ مەسىلىنى باھانە قىلغان:

بىرىنچىسى، ئۇلار ھەزرىتى ئەلىنى «جەمەل ئۇرۇشى»دا مەغلۇب بولغۇچىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى غەنىمەت شەكلىدە تارقاتمىدى، ئاياللىرى بىلەن كىچىك بالىلىرىنى قول ۋە دېدەك قىلىشقا رۇخسەت قىلمىدى، ـ دەپ ئەيىپلىگەن. ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا: «جەمەل ئۇرۇشى»دا مەغلۇب بولغانلار ئىسلام دىيارىدا ياشاۋاتقان مۇسۇلمان ئاھالىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مال- مۈلكى غەنىمەت سۈپىتىدە تارقىتىلمايدۇ، بەلكى دۆلەت خەزىنىسىگە ئېلىنىدۇ. ئاياللار ۋە كىچىك بالىلار ئۇرۇشقا قاتناشمىغانلىقى ئۈچۈن، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ بار، شۇڭا ئاياللارنى دېدەك



[1] دوكتور غالىب ئەلى ئەۋاجىنىڭ «ھازىرقى زاماندىكى ئىسلام پىرقىلىرى» ناملىق ئەسىرىدىن.

ھېسابىدا باشقىلارغا تەقسىم قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ، دېگەن ئاساستا ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرغان.

ئىككىنچىسى، ئۇلار ھەزرىتى ئەلىنىڭ «سىففىين ئۇرۇشى» دىن كېيىنكى مۇرەسسە كېلىشىمىدە، كېلىشىمنامىدىن «ئەمىرۇل مۆ- مىنىن» (مۆئمىنلەرنىڭ سەردارى) دېگەن سۆزنى ئۆچۈرۈشكە رۇخسەت قىلغانلىقىنى ئېغىر دەرىجىدە گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىك دەپ قارىغان. ئۆز ۋاقتىدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇدەيبىيە كېلىشىمىدە «ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى» دېگەن سۆزنىمۇ ئۆچۈرۈشكە رۇخسەت قىلغانلىقىنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالغان.

ئۈچىنچىسى، «قۇرئان كەرىم» دىكى: ﴿إن الحكم إلا لله﴾ يەنى ﴿ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ھەققى يوق﴾ دېگەن ئايەتنى دەلىل كەلتۈرۈپ، مۇرەسسە ھەيئىتى تەرىپىدىن قارار قىلىنغان ھۆكۈملەرگە نارازى بولغان. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا «بىز ئەمر ئىبنى ئاس ۋە ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرىلەر باشچىلىقىدىكى

مۇرەسسە ھەيئىتىنىڭ كېلىشىم قارارلىرىغا ئىزچىل رىئايە قىلىش ھەققىدە بەرگەن ئەھدىمىزدە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك»[1] دېگەن.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن خاۋارىجلار ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق ئۇرۇش ھىجرىيە 38 ـ يىلى باغدات بىلەن ھەلۋان ئوتتۇرىسىدىكى نەھرىۋان دەرياسى بويىدا يۈز بەرگەن. ئۇرۇش باشلىنىش ئالدىدا بىرنەچچە چوڭ ساھابە كىراملارنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سېلىپ، نۇرغۇن كىشىلەر خاۋارىجلار سېپىتىدىن ئايرىلىپ، ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سېپىگە قوشۇلغان؛ كۆپىنچىلىرى ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، «كاپىر خەلىپىگە ئىتائەت قىلغانلارنىڭ ھەممىسى كاپىر بولىدۇ» دېگەندەك سەپسەتىلەر بىلەن، بىر تەرەپتىن كۇفە شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئىچكى جەھەتتىن تەييارلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ پىكرىگە قارشى چىققان ھەر قانداق كىشىنى پۇرسەت تاپسىلا ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان. ئۇلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، نەھرىۋان ۋالىيسى خەبباب ئىبنى ئەرەتنىمۇ ئائىلىسى بىلەن قوشۇپ قىرغىن قىلغان. شۇڭا ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەھرىۋانغا تۇيۇقسىز ھوجۇم

[1] دوكتۇر غالىب ئەلى ئەۋاجىنىڭ «ھازىرقى زاماندىكى ئىسلام پىرقىلىرى» ناملىق ئەسىرىدىن.

قىلىپ، ئۇلارنى تەۋبە قىلىشقا ۋە ئۆز سېپىگە قوشۇلۇشقا چاقىردۇ. مەزكۇر چاقىرىققا ئاساسەن تۆت مىڭغا يېقىن خاۋارىج راست ۋە يا يالغان ھالەتتە تەۋبە قىلىپ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سېپىگە قوشۇلدۇ. يەنە تۆت مىڭغا يېقىن خاۋارىج يەنىلا ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇرۇشتا ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن (بىر رىۋايەتتە توققۇز كىشى، (يەنە بىر رىۋايەتتە) قىرىق كىشى قېچىپ كېتىدۇ. ئۇلار كېيىن يەنە يالغاندىن تەۋبە قىلغان خاۋارىجلار بىلەن، ئەتراپتىكى خاۋارىجلىق ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغۇچىلارنى يىغىپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارشى سەككىز قېتىم ئىسيان كۆتۈرگەن بولسىمۇ، ھەر قېتىملىق ئىسياندا مەغلۇپ بولغان.

خاۋارىجلار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىنغاندىن كېيىنمۇ يەنە ئەمەۋىي ۋە ئابباسىي خەلىپىلىرىگە قارشى قوراللىق ھەرىكەتتە بولۇپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ تا شۇ كۈندىن بۈگۈنگىچە ئۆزلىرىنىڭ پىتنە- ئىغۋاسى بىلەن ئىسلام ئۈممىتىگە زىيان سېلىپ كېلىۋاتقانلىقى ئاچچىق ھەقىقەت.

ھىجرىيە 64- يىلى نافىئ ئىبنى ئەلئەزارىق ئىسىملىك چوڭ خاۋارىجنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئەزارىقە ئېقىمىنى كۆتۈرۈپ چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا، پۈتۈن خاۋارىجلار بىر پىكىر ۋە ئوخشاش ئىدىيىۋىي قاراشتا بولغان

بولسىمۇ، ئەزارىقە ئېقىمى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىدىيە جەھەتتىن بۇرۇلۇش يۈز بېرىپ، كېيىنكى چاغلاردا ئوتتۇردىن ئارتۇق خاۋارىج ئېقىملىرى بارلىققا كېلىدۇ. ئۇلار دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىگە ئوخشاش بولمىغان پىكىر ۋە پەرقلىق كۆز قاراشلار بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇر مەزھەپ، مۇرەسسە كېلىشىمى تۈزگۈچى ھەيئەتكە قارشى قاتتىق قوللىغۇچىلىقى بىلەن تونۇلغان مەشھۇر ئابدۇللاھ ئىبنى يەھيا ئىبنى ئەبازىيەگە ئەگەشكەن «ئەبازىيەلەر» پىرقىسى بولۇپ، ئۇلار «ھەفسىيە»، «يەزىدىيە»، «ھارىسىيە» ۋە «ئىتائەتچىلەر» دېگەندەك بىرنەچچە كىچىك پىرقىلارغا بۆلۈنىدۇ. ئۇلار ماراكەش، ئالجىرىيە، زەنجىبار، ئوممان ۋە يەمەن قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىنىڭ بەزى رايونلىرىدا بىر مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەن. شۇڭا مەزكۇر رايونلاردا «ئەبازىيەلەر»نىڭ قالدۇقلىرى كۆپ تېپىلىدۇ.[1] ئەينى ۋاقىتتا خاۋارىجلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە ئۆزلىرىنى ئەڭ تەقۋادار مۆمىن ھېسابلاپ، باشقا ھەرقانداق مەزھەپ ۋە ئېقىملارنى كاپىرلىققا چىقىرىۋېتىدىغان بىر ئۇچۇم ئازغۇنلارنى ھەر يەردە ئۇچراتقىلى بولاتتى.

تۆتىنچى خەلىپە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرىيىنىڭ 40-يىلى (مىلادىيە 661- يىلى) ئۇلۇغ رامىزان ئېيىدا

[1] دوكتۇر راغىب سەرجانى.

ئابدۇراھمان ئىبنى مۇلجەم دېگەن خاۋارىجنىڭ قولىدا شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىسقا مۇددەت خەلىپىلىك تەختىدە ئولتۇرغان. كېيىنچە، تەخت ئۈچۈن مۇسۇلمان قېنى ئاققۇزماسلىق ۋە ئىسلام ئۈممىتى ئىچىدە بىرلىكنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تەختنى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيانغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن. ھەزرىتى ئىمام ھەسەن رازىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئۇلۇغ پىداكارلىقى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكنى قوغداپ قالغان. ھەزرىتى ھەسەن رازىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ بۈيۈك خىزمىتى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان: «مېنىڭ بۇ سۆيۈملۈك ئوغلۇم سەييىدتۇر، ئاللاھ بۇ ئوغلۇم ئارقىلىق ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن مۇسۇلمانلار جامائىتىنى ئىسلاھ قىلىشى مۇمكىن». ئەپسۇسكى ھەزرىتى ھەسەن رازىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ پىداكارلىقىنى نەزەرگە ئالمىغان بۇ ئازغۇن پىرقىلار جامائەسى (ھىجرىيە 49- يىلى) ئۆزلىرىنىڭ ھىلە - نەيرەڭلىرى بىلەن بۇ زاتنى زەھەرلەپ شېھىت قىلغان.

ھىجرىيەنىڭ 40 - يىلى مەزكۇر چوڭ بىرلىك نەتىجىسىدە خەلىپىلىك تەختىدە ئولتۇرغان مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيانىنىڭ خەلىپىلىكى 19 - يىل ھۆكۈم سۈرگەن.ئۇ ۋاپات بولغاندا، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن تۈزۈلگەن كېلىشىمگە خىلاپ ھالدا،ئوغلى يەزىد

تەخت ۋارىسى بولۇپ تەيىنلەنگەن. بۇ پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا چوڭ غۇلغۇلا پەيدا قىلغان.

ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى سۆيىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىپ ئوتتۇرىغا چىققان بىر تۈركۈم كىشىلەر: «خەلىپىلىك يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيەنىڭ ھەققى ئەمەس، ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كىچىك ئوغلى ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەققىدۇر» دەپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىسيان كۆتۈرۈشكە باشلايدۇ. بۇ غەلىياندىن قاتتىق چۆچىگەن يەزىد، ھىجرىيە 61 ـ (مىلادىيە 680 ـ) يىلى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك نەۋرىسى ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئائىلىسى بىلەن قوشۇپ شامغا چاقىرىدۇ.شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ھۈسەيىن پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى بىلەن بىرگە يولغا چىقىدۇ. ئۇلار بىر قانچە كۈن جاپالىق يول يۈرۈپ، ئىراقنىڭ كەربالا چۆلىگە كەلگەندە، بىر توپ قوشۇن يەزىدنىڭ پەرمانى بويىچە ھۇجۇم قىلىپ، ھەزرىتى ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى پۈتۈن ئەھلى ئەۋلادى بىلەن قوشۇپ، (جەمئىي قىرىق كىشىنى) شېھىت قىلىدۇ.

بۇ پاجىئەلىك ۋەقە شىئە ئېقىملىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئاساسلىق سەۋەبلەردىن بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدەك،ئون تۆت ئەسىردىن بېرى ئىسلام دۇنياسىدا كۆپ قانلىق ئۇرۇش ۋە ھەرخىل كىرزىسلارگە سەۋەب

بولـۇپ كەلمەكتە.كۈنىمىـزدە ئىـراق، سـۈرىيە، لىـۋان، يەمـەن، پاكىسـتان قاتارلىـق دۆلەتلەردىكى شىئە ـ سـۈننىي دۈشـمەنلىك ھەرىكەتلىرىمـۇ تـا شـۇ زاماندىـن بېـرى داۋاملىشـىپ كەلگـەن شـۇملۇقلارنىڭ مەھسـۇلاتىدۇر.

يەزىـد ئىبنـى مۇئاۋىيەنىـڭ شـۇنچە كـۆپ قـان ئاققۇزۇش بەدىلىگـە ئېرىشكەن خەلىپىلىـك تەختـى ئۇنىڭغا پەقەتـلا تـۆت يىـل ۋاپـا قىلىـدۇ. يەزىـد ئۆلگەندىـن كېيىـن، تەختتە ئۇنىـڭ ئوغلـى ـ مۇئاۋىيـە ئىبنـى يەزىـد ـ ئولتۇرىـدۇ. ئۇنىـڭ تەختـى ـ بەختىمـۇ ئـۈچ يىلغـا بارمـاي، كېسـەل سـەۋەبلىك ئۆلـۈپ كېتىـدۇ»[1].



[1] ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن ھاجىمنىڭ يازمىسىدىن پايدىلىنىلدى.

## شىئەلەر ھەققىدە مەلۇمات

«شىئە» دېگەن سۆز «ياردەمچى»، «ئەگەشكۈچى» دېگەندەك ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلارنى ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەگەشكۈچى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بەرگۈچى دەۋالغۇچىلارنىڭ ھەممىسى شىئە دەپ ئاتىلىدۇ. شىئەلىك ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشتىكى كىشىلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىققان بىر ئىدىيىۋى ئېقىمدۇر. ئىسلام دۇنياسىدا ئەڭ كۆپ پىتنە ۋە ئىختىلاپ بۇ ئېقىم مەنسۇبلىرى ئىچىدە تېپىلىدۇ، بۇ ئېقىم ئىچىگە خالىغان كىشى ئۆزىنىڭ شەخسىي كۆز قاراشلىرى، كۆڭۈل خاھىشلىرى ۋە ھاۋايى ھەۋەسلىرىنى ئەھكام سۈپىتىدە كىرگۈزەلەيدۇ. بەزىلەر ئەھلى بەيت ۋە ئىماملارنى ھۆرمەتلەشتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتسە، يەنە بەزىلىرى مۆتىدىللىككە چاقىرىدۇ، بەزى شىئە ئىماملىرى ئۆزلىرىنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەكىلى ئورنىدا كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسى: «جىبرىلنىڭ خاتالىقى سەۋەبلىك ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبقا كېلىدىغان پەيغەمبەرلىك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ قالغان» دېسە، يەنە بەزىسى ھەزرىتى ئەلىنى پەيغەمبەرلىكتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئورتاق

ئىدى، دەيدۇ. يەنە بەزىسى ئۇنى ئىلاھلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. شىئەلەر 70 تىن كۆپرەك پىرقىغا بۆلۈنىدۇ. ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئالىملىرىدىن بولغان ئەللامە شەھرىستانى شىئە مەزھىبىنىڭ: «ئىمامىيە»، «زەيدىيە»، «ئىسمائىلىيە»، «دۇرۇزىيە» ۋە «ئەلەۋىيە» دەپ بەش چوڭ پىرقىغا بۆلۈندىغانلىقىنى، قالغان پىرقىلىرى بولسا ئۇلارنىڭ شاخچىلىرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

## شىئەلەرنىڭ مەشھۇر پىرقىلىرىنى تۆۋەندىكىچە خۇلاسىلاشقا بولىدۇ



بىرىنچىسى، «ئىمامىيە» پىرقىسى بولۇپ، ئۇلار «جەئفەرىيىلەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن كېيىن، پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتىنى 12 ئىمامغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرىغان دەپ قارايدۇ. مەزكۇر 12 ئىمام: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەسەن ئىبنى ئەلى، ئىمام ھۈسەين ئىبنى ئەلى، ھەسەننىڭ ئوغلى ئەلى، مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئەلباقىر، جەئفەرئىبنى مۇھەممەد سادىق، مۇسا ئىبنى جەئفەر ئەلكازىم، ئەلى ئىبنى مۇسا ئەلرىزا، مۇھەممەد ئەلى ئەلجاۋاد، ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئەلھادى، ھەسەن ئىبنى ئەلى ئەلئەسكەر، مۇھەممەد ئىبنى ئەلھەسەن مەھدى قاتارلىقلاردۇر. ئۇلار مەھدى ئىسىملىك ئىمامنى ئاخىر زاماندا كېلىدىغان «ئىمام

مەھدى»، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا كىچىك يېشىدىلا ئىراقنىڭ سەمەررا شەھىرىدىكى بىر تاغنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

ئىككىنچىسى، «زەيدىيەلەر» پىرقىسى بولۇپ، ئۇلار ئىمام ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان. ئۇلار شىئەلەرنىڭ بەشىنچى ئىمامى زەيد ئىبنى زەينۇل ئابىدىننىڭ ئەمەۋىلەر ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن زەيدىيەلەر دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەگە ئەڭ يېقىن مەزھەپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ مەزھىبىدە ھېچقانداق ساھابىنى كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان قاتارلىق خەلىپىلەرنىڭ خەلىپىلىكىنى رەت قىلمايدۇ.

ئۈچىنچىسى، «ئىسمائىلىيە» پىرقىسى بولۇپ، ئۇلار «ئىمامىيە» پىرقىسىدىن قالسا ئەڭ كۆپ تارقالغان پىرقىدۇر. بۇ پىرقە، بىر قىسىم شىئەلەرئۆزلىرىنىڭ ئالتىنچى ئىمامى جەئفەر سادىقنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئىماملىق جەئفەر سادىقنىڭ چوڭ ئوغلى ئىسمائىل مۇبارەككە قالىدۇ دېسە، يەنە بەزىلىرى ئىسمائىل دادىسىنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن ئىماملىق ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى مۇسا كازىمغا قالىدۇ، دېگەن ئىختىلاپنىڭ تەسىرىدىن ئوتتۇرىغا چىققان، دېيىلىدۇ.

تۆتىنچىسى، «ئەلەۋىيلەر» پىرقىسى بولۇپ تۈركىيەدە ياشايدىغان ئەلەۋىلەردۇر، ئۇلار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا چوقۇنىدۇ. قىيامەت، جەننەت، دوزاخنى ئىنكار قىلىدۇ. ناماز ئوقۇمايدۇ، روزا تۇتمايدۇ. ھەج قىلمايدۇ. ئۇلار ھىندى دىنىدىكىلەرگە ئوخشاش «ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ روھى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق سۈپىتىدە قايتىدىن دۇنياغا كېلىدۇ (يەنى روھلار ئالمىشىپ تۇرىدۇ)» دېگەن ئېتىقاد بويىچە ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئىبادەت شەكىللىرى بار، ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى «جەمەۋىي ئۆيلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

بەشىنچىسى، «نۇسەيرىيەلەر» پىرقىسى بولۇپ، ئۇلار سۈرىيەنى مەركەز قىلغان مۇھەممەد ئىبنى ئەلنۇسەيرىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدۇر. ئەينى ۋاقىتتا فرانسىيە سۈرىيەنى مۇستەملىكە قىلغان ۋاقىتلاردا، ئۇلار بۇ پىرقىنى «ئەلەۋىيلەر» دەپ ئاتىغان. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن كېيىن، ھەزرىتى ئەلىنىڭ خەلىپە بولىدىغانلىقىغا ئۈچ قېتىم مەخپىي ئىشارەتتە بولغانلىقىنى، تۆتىنچى قېتىمدا ئاشكارا ھالدا خەلىپە تەيىنلىگەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىدىسىنى يوشۇرۇش ئىماننىڭ كامىللىقىدىن دەپ قارايدۇ.

ئالتىنچىسى، «سەبەئىيلەر» پىرقىسى بولۇپ، ئۇلار يەھۇدىيلاردىن كېلىپ چىققان ئابدۇللاھ ئىبنى سەبەئ

دېگەن مۇناپىقتا مەنسۇپ قىلىنىپ، «سەبەئىيەلەر» دەپ ئاتالغان. ئۇلار ئەھلى بەيت ھەققىدىكى چېكىدىن ئاشقان خۇراپاتلارنى تارقاتقان، يۇرتمۇ- يۇرت كېزىپ يۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ پىكرىنى تارقىتىش ئارقىلىق، ئىسلام تارىخىدا نۇرغۇن چوڭ پىتنىگە سەۋەب بولغان. شۇنىڭدەك، يەھۇدىيلىقتىكى پۈتۈن خۇراپىي ئەقىدىلەرنى شىئەلەر ئارىسىدا كەڭ تارقاتقان.

يەتتىنچىسى، «كىسانىيەلەر» پىرقىسى بولۇپ، ئۇلار ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك تەختىنى مۇئاۋىيەگە ئۆتۈنۈپ بېرىشىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ ئوتتۇرىغا چىققان پىرقىدۇر. ئۇلار ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەۋلە بىنتى جەفەر ئىسىملىك ئايالىدىن بولغان مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىينى خەلىفە دەپ ئېلان قىلىدۇ. «كىسانى» مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىينىڭ شاگىرتىنىڭ ئىسمىدۇر. كېيىنچە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى «كىسانىيەلەر» دەپ ئاتالغان.

سەككىزىنچىسى، «مۇختارىيىلەر» پىرقىسى بولۇپ، ئۇلار مۇختار ئىبنى ئەبۇ ئۇبەيدە ئەلسەقەفىينىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدۇر. بۇ ئېقىمدىكىلەر ئىبنى ھەنەفىينىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى ۋە يېقىندا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ.

توققۇزىنچىسى، «رافىزەلەر» پىرقىسى بولۇپ، ئۇلار ساھابىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ پەزىلىتىنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن «رافىزە» يەنى (رەت قىلغۇچىلار، ئىنكار قىلغۇچىلار) دەپ ئاتالغان. ئۇلار ئەمەۋىيلەر ۋە ئابباسىيلارنىڭ خەلىپىلىكىنى قوبۇل قىلمىغان. ئۇلار: «ئىمامسىز قورallىق ئۇرۇش قىلغىلى بولمايدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئىمام مەھدى ئوتتۇرىغا چىقمىغۇچە جىھاد پەرز ئەمەس، دەپ قارايدۇ.

ئونىنچىسى، «دۇرزىلەر» پىرقىسى بولۇپ، ئۇلار گەرچە فاتىمىيلەرنىڭ ھاكىمىيەت دەۋرىدە ھۆكۈم سۈرگەن ئەمرۇللا ئەلفاتىمىيەگە ئەگەشكەن شىئە پىرقىسىغا مەنسۇپ كىشىلەر بولسىمۇ، ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن دىنلارنىڭ ئورتاق پەيغەمبىرى دەپ قارايدۇ.



## شىئەلەرنىڭ بىر قىسىم غەلىتە ئېتىقادلىرى توغرىسىدىكىلەر

1. شىئەلەر پۈتۈن ئىماملارنىڭ گۇناھ ـ مەسىيەتتىن پاك ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ. ئۇلار پەيغەمبەرلەر گۇناھ ـ مەسىيەتكە ئارىلىشىپ قېلىشى مۇمكىن، ئەمما ئىماملار گۇناھ ـ مەسىيەت ئۆتكۈزۈشتىن پاك، دەپ قارايدۇ.

2. شىئەلەر ھەزرىتى ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئائىشە ۋە ھەفسە قاتارلىق بۈيۈك ساھابە كىراملارنى

«كاپىرلار» دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

3. شىئەلەر ئەقىدىنىيوشۇرۇش ئىمانىنىڭ كامىللىقىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارايدۇ. ئۇلارچە بولغاندا، كۆڭلىدە باشقىنى ئويلاپ، ئاغزىدا ئۇنىڭ ئەكسىنى سۆزلەشكە بولىدۇ.

4. شىئەلەر ۋاقىتلىق نىكاھلىنىشنى دۇرۇس، بەلكى ساۋابلىق ئىش دەپ قارايدۇ.

5. شىئەلەر ھەر يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى ئىمام ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شېھىت قىلىنغانلىقىغا ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ۋە مۇراسىمدا بىسىلىق تۆمۈر پارچىلىرى بىلەن بەدەنلىرىگە ئۇرۇپ قان ئاققۇزۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

6. شىئەلەر « ‹قۇرئان كەرىم› نىڭ ئەسلى نازىل بولغان ئايەتلىرى 7000 ئىدى، كېيىنچە، ساھابىلار تەرىپىدىن ھەزرىتى ئەلى ھەققىدىكى ئايەتلەر قالدۇرۇلۇپ، 6263 ئايەتكە چۈشۈرۈلگەن» دەپ جۆيلۈيدۇ.

7. شىئەلەر، ئەھلى بەيت (پەيغەمبەر ئائىلىسىدىكىلەر) تىن باشقاھەر قانداق كىشىنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

8. شىئەلەر ئىسلامدا ئىمامسىز جىھاد بولمايدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىسلام يولىدا ئېلىپ بېرىلغان پۈتۈن جىھادىي ھەرىكەتلەرنى ئىنكار قىلىدۇ.

9. شىئەلەرنىڭ بەزى تائىپىلىرى ئىمام (شىئەلەرنىڭ ئىمامى) سىز جۈمە نازى ئوقۇش دۇرۇس ئەمەس دەپ قارايدۇ.

10. شىئەلەر ھەر يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 18-كۈننى «پەيغەمبىرىمىز خەلىپىلىكنى ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تاپشۇرغان كۈن» دەپ ئېتىقاد قىلىپ، بۇ كۈندە بايرام ئۆتكۈزىدۇ. شۇڭا ئۇلار روزا ۋە قۇربان ھېيتلىرىغا زۇلھەججە ئېيىنىڭ 18-كۈننى قوشۇپ يىلدا ئۈچ قېتىم دىنىي بايرام ئۆتكۈزىدۇ.

شىئەلەر ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سايلاپ قويغان خەلىپە دەپ ئەتىقاد قىلىسىمۇ، ئەمما ھەزرىتى ئەلى ئۇلارنىڭ بۇ يالغان دەۋاسىنى ئۆزىنىڭ مۇنۇ سۆزى بىلەن رەت قىلىپ كەلگەن: «ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا مېنى خەلىپىلىككە تەيىنلىگەن بولسا ئىدى، مەن ئەبۇبەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇئەنھۇملارغا بەيئەت قىلمىغان بولاتتىم».

1. شىئەلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رەسىملىرىنى سىزىش ۋە ئۇلارنى ئىبادەتخانىلارغا ئېسىشنى دۇرۇس دەپ قارايدۇ.

2. شىئەلەر تاھارەت ئالغاندا پۇتىنى يۇمايدۇ، يالاڭ ئاياق پۇتىغا مەسىھ قىلىدۇ.

3. شىئەلەر پېشىن بىلەن ئەسىر نامىزىنى، نامازشام بىلەن خۇپتەننى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇيدۇ.

4. شىئەلەر ئىمام ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىنغان كەربالانىڭ توپىسىنى مۇقەددەس بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار نامازلىرىدا كەربالا تۇپراقلىدىن پۈشۈرۈلغان، يومۇلاق كىچىك خىشنىڭ ئۈستىگە سەجدە قىلىدۇ.

5. بەزى شىئەلەر ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەنلىكىنى ۋە يېقىندا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ.

6. بەزى شىئەلەر پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىس-سالامنى تىرىلىپ كېلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

7. شىئەلەرنىڭ پېشۋالىرى ئىسلام دىنىنىڭ بەش ئاساسى پىرىنسىپىنىڭ بىرى بولغان زاكات پەر-

زىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلار زاكاتنىڭ ئورنىغا مال – مۈلۈكنىڭ بەشتىن بىرىنى سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇلار بۇنىڭ تەقسىماتىنى تۆۋەندىكىدەك ئالتەتۈرگە ئايرىيدۇ:

- بىرىنچى، ئاللاھنىڭ ھەققى.
- ئىككىنچى، پەيغەمبەرنىڭ ھەققى.
- ئۈچىنچى، ئىماملارنىڭ ھەققى.
- تۆتىنچى، ئەھلى بەيتتىن بولغان يېتىم - يېسىرلارنىڭ ھەققى.
- بەشىنچى،ئەھلى بەيتتىن بولغان پېقىر - پۇقرالارنىڭ ھەققى.
- ئالتىنچى، ئەھلى بەيتتىن بولغان مۇسا- پىرلارنىڭ ھەققى[1].

## ئۆلىمالارنىڭ شىئەلەر ھەققىدە ئېيتقانلىرى

شىئەلەر تائىپىسى ھەر خىل مەزھەپ ۋە پىرقىلارغا بۆلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائەگە يېقىن كېلىدىغىنى ئىمامىيە ۋە زەيدىيە مەزھىبىدۇر.

[1] شىئەلەر ھەققىدە مەلۇمات دېگەن بۇ ماۋزۇدا ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن ھاجىمنىڭ يازمىسىدىن پايدىلاندۇق.

شىئەلەر تائىپىسىگە مەنسۇپ بۇ ئىككى مەزھەپنىڭ كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىدىن ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلىشقا بولمايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇ ئىككى مەزھەپتىن باشقا ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىلاھ، دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان، شۇنىڭدەك، «پەيغەمبەرلىك ئەسلىدە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ ھەققى ئىدى، جىبرىل خاتالىشىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئېلىپ كەلگەن» دەيدىغان تائىپىلارنىڭ كاپىرلىقىدا ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ پىكرى بىردەك بولغان. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىلاھ دېگىنى ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغانلىقىدۇر. شۇنىڭدەك، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىكنىڭ ئەسلىدە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەققى ئىدى دېگىنى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقىدۇر. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئېتىقادىي قاراشلىرى ئۆز ۋاقتىدىكى مۇشرىكلارنىڭ ئېتىقادىي قاراشلىرىدىن پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە شىئەلەرنىڭ رافىزە پىرقىسى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «شىئەلەر ئەڭ زالىم، ئەڭ نادان ۋە ئەڭ ئەخمەق كىشىلەردۇر. ئۇلار ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىگە دۈشمەنلىك قىلىدۇ، پەيغەمبەرلەردىن قالسا ئەڭ ئۇلۇغ مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغان سالىھ ـ ياخشى بەندىلەرنى يامان كۆرىدۇ، كاپىر، يەھۇدىي، خىرىستىيان ۋە مۇشرىكلاردىن

ئىبارەت مۇناپىقلارنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىدۇ»[1].

ئىراننىڭ سابىق رەئىسى ئەھمەدى نەجادنىڭ بۇندىن ئون يىل ئىلگىرى يەھۇدىيلارنىڭ دىنىي ۋە سىياسىي ئەرباپلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەن ۋە مەخپىي سۆھبەت ئۆستىلىگە ئولتۇرغان ئەھۋالى ئېلىنغان پىلاستىنكىنىڭ يېقىندا ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن ئىراننىڭ نەقەدەر مۇناپىقانە ئىش قىلىدىغان ئىسلام دۈشمىنى ئىكەنلىكى تېخىمۇ ئايان بولدى. دېمەك، ئىران ھاكىمىيىتى مۇسۇلمانلارغا دۈشمەن، رۇسىيە بىلەن ئەزەلدىن دوست، ئامېرىكا بىلەن كۆرۈنۈشتە دۈشمەن، ئىچكى جەھەتتىن بىر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىشىمىز كېرەك.

## نېمە ئۈچۈن بەزى شىئە تائىپىلىرىنى كاپىر دەيمىز؟

بەزى شىئە تائىپىلىرى گەرچە ئۆزلىرىنى ئىسلام ئۈممىتى قاتارىدىن ساناپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئېتىقاد قارشىدىكى خۇراپاتلار ئۇلارنى ئىسلام ئۈممىتىدىن تامامەن ئايرىپ تۇرىدۇ. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ بەزى خۇراپىي ئەقىدىلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۆز كىتابلىرىدىن

[1] شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ «پەتىۋالار مەجمۇئەسى» ناملىق ئەسىرى 1 ـ توم، 20 ـ بەت.

نەقىل قىلىپ كەلتۈرىمىز:

1. بەزى شىئەلەر ۋەھيى ئەسلىدە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبقا كېلەتتى، جىبرىل خاتالىشىپ ئۇنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئېلىپ كەلگەن[1]، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

2. شىئە تائىپىسىنىڭ كۆپ سانلىق موللا ـ ئۆلىمالىرى ھازىرقى قۇرئان تولۇق ئەمەس، چۈنكى ئەسلى قۇرئان ساھابىلەر مۇرتەد بولۇپ كەتكەندە ئاسمانغا ئېلىپ كېتىلگەن[2]، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئېتىقادىي قارىشى ئىككى چوڭ مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىدۇ. بىرى، «قۇرئان كەرىم»نى ئىنكار قىلىش، يەنە بىرى، ساھابە كىراملارنى كاپىرلىق بىلەن تۆھمەت قىلىش.

3. شىئە موللىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئۆزلىرىنى ئاللاھ بىلەن بەندىلەرنىڭ ئارىسىدا ۋاسىتىچى دەپ قارايدۇ[3].

4. شىئە موللىلىرى ئىمام ھۈسەيىننىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلغان ئادەم ئاللاھنى ئەرشتە تاۋاپ قىلغاندەك بولىدۇ[4]، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

5. شىئە موللىلىرى ئىمام ھۈسەيىننىڭ قەبرىسىنى

[1] «دىنلار ۋە مىللەتلەر»ناملىق كىتابنىڭ شەرھى «كىتابۇل مەنىيە ۋەلئەمەل» 30 ـ بەت.

[2] «تەنبىيە ۋە رەد» ناملىق كىتابنىڭ 25 ـ بېتىدىن.

[3] «بۇھارۇل ئەنۋار»ناملىق كىتابنىڭ 23 ـ توم، 99 ـ بېتىدىن.

[4] «ئەل مەزار ئەل مۇفىد» 51 ـ بەت.

زىيارەت قىلىش كەبىنى تاۋاپ قىلغاندىنمۇ ساۋابلىق ئەمەلدۇر[1]، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

6. شىئەلەرنىڭ موللا ۋە ئاۋام خەلقى ئاللاھ قىلغاننى شىئە ئىماملىرىمۇ قىلالايدۇ[2]، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

7. شىئە موللىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەتتى ۋە غەيبلەرنى بىلەتتى[3]، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

8. شىئە موللىلىرى ساھىبلەرنىڭ كاتتىلىرىدىن ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئائىشە، ھەفسە، مۇئاۋىيە قاتارلىق زاتلارنى تىللاپ سۆكۈش ۋە ئۇلارغا لەنەت قىلىش ئەڭ كاتتا ساۋابلىق ئەمەل- ئىبادەت[4]، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

9. شىئەلەرنىڭ ھەممىسى ئومۇمەن ۋاقىتلىق نىكاھ (نىكاھى مۇتئە)نى قىلمىغان ئادەمنىڭ ئىمانى تولۇقلانمايدۇ، بىر مۆمىن ئايالنى ۋاقىتلىق نىكاھلاپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش كەبىنى يەتمىش قېتىم زىيارەت قىلغاندىن ئەۋزەلدۇر،[5] دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.



---

[1] «ساۋابۇل ئەئمال ۋە ئىقابۇل ئەئمال» 122-121 - بەتلەر.

[2] «مەسابىھۇل ئەنۋار تەھەللى مۇشكىلاتىل ئەخبار»2 - توم، 397 -بەت.

[3] «ئۇسۇل كافى» 1 - توم، 347 -بەت.

[4] «فۇرۇئۇل كافى» 3 - توم، 224 -بەت.

[5] «مىسباھۇتتەھەججۇد» 252 - بەت.

10. ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى خۇ-مەينى ئۆزىنىڭ «ئىسلام ھۆكۈمىتى» ناملىق ئەسىرىدە: «بىزنىڭ ئىماملىرىمىز يەتكەن ئالىي مەرتىۋىگە ئاللاھقا يېقىن پەرىشتىلەردىن ھېچبىرى ياكى پەيغەمبەرلەردىن ھېچبىرى يېتەلمىگەن[1]، دەپ يازغان.

## مۇسۇلماننىڭ مەيدانى ئېنىق بولۇشى لازىم

«بىز سۈننى، شىئە دەپ ئايرىمايمىز، مۇسۇلمان ئۈنۋانى يېتەرلىكتۇر، بىز ھەممىمىز بىر ئۈممەت» دېيىش ناھايىتى ئاسان، ھەمدە قۇلاققا بەك چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان سۆزدۇر. كاشكى شۇنداق بولسىدى. ئەمما ئىش بۇنداق ئوڭاي ئەمەس. شىئەلەردىن ھازىرغىچە ئۈمىدىنى ئۈزەلمىگەنلەرگە دەيمەنكى، مۇندىن 10-15 يىل ئىلگىرى ئەزھەرنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرى ۋە دۇنيادىكى نوپۇزلۇق ئالىملار سۈننى- شىئە زىددىيىتىگە خاتىمە بېرىپ، ئىسلامىي قېرىنداشلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كۆپلىگەن سۆھبەتلەرنى ئېلىپ بارغان ۋە قۇرۇلتايلارنى ئاچقان. لېكىن ئىراندىن ئىجابىي ئىنكاس بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلىمالارنىڭ بۇ ئىشتىن ۋازكەچكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ شۇنىڭدەك، ئەللامە يۇسۇپ قەرداۋىنىڭ «ھاياتىڭىزدا پۇشايمان قىلغان ئىشىڭىز قايسى»

[1] «ئىسلام ھۆكۈمىتى» 52 - بەت.

دېگەن سوئالغا: «سۈننى ـ شىئە قىرىنداشلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تارتقان جاپايىمغا پۇشايمان قىلمەن» دېگەنلىكىنى بىلەمسىز؟ مىلادىيە 1501 ـ يىلى ئىراننىڭ ھاكىمىيەت تەختىگە چىققان ئىسمائىل سەفەۋىنىڭ پورتۇگالىيە پادىشاھىغا: «بىز ئوسمانىيە خەلىپىلىكىنى يوقىتىش ئۈچۈن سىلەر بىلەن بىر سەپتىمىز» دەپ خەت يازغانلىقىنى ۋە ئەرەبىستان زېمىنىنى بىللە ئۈلۈشۈۋېلىش ئۈچۈن ئىرانلىقلار نەجدىگە، پورتۇغالىيەلىكلەر جىددىگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ مەقسىتىگە يېتەلمىگەنلىكىنى بىلەمسىز؟ شىئەلەرنىڭ سۈننىنى ئۆلتۈرۈشنى ئىبادەت سانايدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ شۇڭا بىز مەيداننى ئايرىشىمىز كېرەك، ئاللاھنىڭ تەرەپدارلىرىغا تەرەپدار، شەيتاننىڭ تەرەپدارلىرىغا دۈشمەن بولۇشىمىز لازىم.

## تەكفىر ئېقىمى ۋە ئۇنىڭ خەتىرى

ئەپسۇسكى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بىر قىسىم مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ئەۋجىگە چىققان «تەكفىر- مۇسۇلمانلارنى كاپىرغا چىقىرىش» ئېقىمى ئەرەب ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىدىن ھالقىپ بىزنىڭ ئۇيغۇر دىيارىمىزدىمۇ بەلگىلىك تەسىر قوزغاپ كەلدى. بۇ، مۇسۇلمانلارنى ئۇلارنىڭ بەزى خاتالىقى ياكى دىنىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە بولغان بىپەرۋالىقى سەۋەبلىك، ئۇلارنى كاپىرغا چىقىرىۋېتىدىغان ئېقىمدۇر. بۇنىڭ خەتىرى ئىنتايىن ئېغىر. بۇ ئېقىمغا مەنسۇپ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ پىكىر - قارىشىغا ماسلاشمايدىغان مۇسۇلمانلارنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ مىزانىغا سالماي تۇرۇپلا كاپىرغا چىقىرىۋېتىدۇ. ھەتتا بەزىلىرى مىجەزىگە ياقمىغان شەخسلەرنى«مۇناپىق»، «كاپىر» ياكى «تاغۇت» دېگەندەك ئېغىر سۆزلەر بىلەن ئەيىبلەيدۇ. ھالبۇكى، بۇ سۆزلەرنى ئالدىراپ بىر ئادەمگە ئىشلىتىشكە بولمايدىغان خەتەرلىك سۆزلەردۇر. بۇنداق سۆزلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىنى بۇلغاشقا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. تېخىمۇ خەتەرلىك بولغىنى بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىغا قارشى بۇنداق سۆزلەرنى قىلىش جانابى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە

ئىغىر جىنايەت ۋە كەچۈرگۈسىز گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

تەكفىر ئىقىمى ئىسلام ئەللىرىدە جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنى كۆزلەيدىغان، ياخشى نىيەتلىك، بىراق دىننى توغرا ۋە ئەتراپلىق چۈشىنىپ يېتەلمىگەن، شەرىئەت ئىلىملىرىدىن ئالغان دەسمايىسى ئىنتايىن ئاز، پىكىر دائىرىسى ئىنتايىن تار، پەقەت ھاياجان بىلەنلا ئىش كۆرىدىغان، قىنى قىزىق بىر قىسىم كىشىلەر ئەۋجگە چىققارغا بىر ئىقىمدۇر. بۇ ئىقىم ئىنتايىن چوڭ خاتالىقلارنىڭ ۋە خاتا پەتىۋالارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولۇپ كەلمەكتە.



## تەكفىر ئىقىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى

تەكفىر ئىقىمى ساھابە كىراملارنىڭ زامانىدىلا باش كۆتۈرگەن بىر خەتەرلىك ئىقىم بولۇپ، بۇنى خاۋارىجلار ئوتتۇرىغا چىقارغان. خاۋارىجلار ئۇلار ساھابە كىراملارنى، ھەتتا كاتتا خەلىپىلەردىن ئوسمان ئىبنى ئەففان، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب قاتارلىقلارنىمۇ «كاپىر» دەپ ھۆكۈم قىلغان ۋە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچقان، ھەتتا ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇرئان ئوقۇپ ئولتۇرغان يېرىدە بوغۇزلاپ، ئالدىدىكى قۇرئاننى قانغا بويىۋەتكەن پىرقىدۇر.

## كاتتا ئۆلىمالارنىڭ خاۋارىجلار ھەققىدە ئېيتقانلىرى

ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە مۇرجىئەلەر[1] بىلەن خاۋا-رىجلارنىڭ ئازغۇنلۇقىغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېگەن: «بىز خاۋارىجلاردەك مۇئمىن ئادەم گۇناھ قىلسىمۇ ئۇنىڭغا زىيىنى بولمايدۇ، چوڭ گۇناھ قىلغان ئادەم دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، دېمەيمىز. ياكى مۇرجىئەلەرگە ئوخشاش بىزنىڭ ياخشى ئەمەللىرىمىز مۇتلەق قوبۇل بولىدۇ، گۇناھلىرىمىز شەرتسىز مەغپىرەت قىلىنىدۇ، دەپ قارىمايمىز. بىز دەيمىزكى، كاپىرلىق بىلەن مۇشرىكلىكنىڭ تۆۋىنىدە بەزى باشقا گۇناھلىرى بولۇپ، تەۋبە قىلماي ئۆلگەن مۇئمىن ئادەمنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇلىدۇ، ئاللاھ تائالا خالىسا ئۇنى ئازابلايدۇ، خالىسا ئەپۇ قىلىدۇ، مۇنداق ئادەم دوزاختا مەڭگۈ قالمايدۇ»[2]. ئىمام تاھاۋى مۇنداق دېگەن: «بىز مۇسۇلمانلاردىن ھېچكىمنى كاپىرلىققا چىقارمايمىز. گۇناھ - مەئسىيەتئىمانغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ دەپمۇ قارىمايمىز، ئاللاھتىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۇئمىنلەرگە مەغپىرەت تىلەيمىز ۋە ئۇلارنى ئۆز رەھمىتى

[1] مۇرجىئەلەر– ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە خاۋارىجلارنىڭ ئەكسىچە ئوتتۇرىغا چىققان مەزھەپ بولۇپ، ئۇلار« كاپىر ئىبادەت قىلسا پايدىسى بولمىغاندەك، مۇئمىن گۇناھ قىلسىمۇ ئۇنىڭ ئىمانىغا زىيان يەتمەيدۇ» دەيدۇ. ئۇلار كۆپلىگەن ئەقىدە مەسىلىلىرىدە ئەھلى سۈننە ئەقىدىسىگە مۇۋاپىقلاشمايدۇ.

[2] ئىمام ئەزەمنىڭ «ئەلفىقھۇل ئەكبەر» ناملىق ئەسىرى 167_164 - بەتلەر.

بىلەن جەننەتكە كىرگۈزۈشنى سورايمىز. ئەمما ئاللاھ ئۇلارنى چوقۇم جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، دەپ كېسىپ ئېيتالمايمىز.گۇناھكار كىشىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمىز، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەندۈرمەيمىز»[1].

ھەنەفىي ئۆلىمالىرىدىن ئىبنى ئەبۇلئىز تاھاۋىنىڭ مەزكۇر سۆزىدە، مۇرجىئەلەرنىڭ «كاپىر ئىبادەت قىلسا پايدىسى بولمىغىنىدەك، مۇئمىن ئادەم گۇناھ قىلسىمۇ ئۇنىڭ ئىمانىغا زىيىنى بولمايدۇ» دەيدىغان سەپسەتىسىگە ۋە خاۋارىجلارنىڭ «مۇئمىن ئادەم ھەرقانداق گۇناھى كەبىرە (چوڭ گۇناھ) نى سادىر قىلسا كاپىر بولىدۇ» دېگەن سۆزىگە رەددىيە بېرىلگەنلىكىنى ئېيتقان.

ئىمام شەھرىستانى «مىللەتلەر ۋە دىنلار» ناملىق ئەسىرىدە خاۋارىجلار توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلار سايلاپ چىققان ھەقىقىي ئىسلام خەلىپىسىگە قارشى چىققانلارنىڭ ھەممىسى خاۋارىجدۇر. مەيلى ئۇلار ساھابە كىراملارنىڭ زامانىدىكى خاۋارىجلار بولسۇن، ياكى كېيىنكى زامانلاردا چىققانلىرى بولسۇن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىل دىنىي لىدېرلىرىگە قارشى چىققانلارنىڭ ھەممىسى خاۋارىجدۇر»[2]. ئىمام ئىبنى ھەزم شەھرىستانىنىڭ

[1] ئىمام تاھاۋىنىڭ «ئەقىدەتۇتتەھاۋىيە» ناملىق ئەسىرىگە ئىبنى ئەبۇلئىزنىڭ شەرھى 31/2.

[2] شەھرىستانىنىڭ «مىللەتلەر ۋە دىنلار» ناملىق ئەسىرى 1 ـ توم، 114 ـ بەت.

بۇ سۆزنى كۆچلەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «قانداقلا بولمىسۇن، خاۋارىجلارنىڭ پىكىر ئېقىمىغا ئەگەشكەن ۋە ئۇلار بىلەن ھەمكارلاشقانلارنىڭ ھەممىسى خاۋارىجدۇر».

## تەكفىر ئېقىمىغا تۈرتكە بولغان ئامىللار

ئەينى ۋاقىتتا، خاۋارىجلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى كاپىرلىققا چىقىرىۋېتىشىغا تۈرتكە بولغان ئاساسلىق ئامىل ئۇلارنىڭ ئەقىدە جەھەتتىكى كۆزقارىشى سەۋەب بولغان. ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىدە «چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلغان ئادەم كاپىر بولىدۇ ۋە دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ». ئۇلار بۇ ئەقىدىسىدىلا توختاپ قالماي، ھەرقانداق بىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن مۇسۇلماننىمۇ كاپىرلىققا چىقارغان، ھەتتا ئىسلام خەلىپىلىرىدىن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئوسمان ئىبنى ئەففان قاتارلىق زاتلارنىمۇ كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىۋەتكەن.

ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىچە، خاۋارىجلار «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىدىغان، ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرىدىغان مۇسۇلمانلارغا قاسرشى تۇرۇپلا كەلگەن ئازغۇن پىرقىدۇر. مۇسۇلمانلار تارىختىن بېرى ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن خالىي بولالىغان ئەمەس.

## زامانىمىزدا ئوتتۇرىغا چىققان تەكفىر ئېقىمىنىڭ ئەۋج ئېلىش سەۋەبلىرى

زامانىمىزدا ئوتتۇرىغا چىققان تەكفىر ئېقىمىنىڭ ئەۋج ئېلىش سەۋەبلىرىنى ئانالىز قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرگە خۇلاسىلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ئىسلام دىنىنى چۈشەنمەسلىك ۋە پىكرىي جەھەتتىكى قاتماللىق. چۈنكى تەكفىر ئېقىمدىكىلەر ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە غايىسىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن، ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى ئۆز خاھىشى بويىچە شەرھلەيدۇ، ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ نەيرەڭلىرىگە ئالدىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشنى رەۋا كۆرىدۇ.



ئىككىنچى، دىنىي ئىلىم ۋە شەرئىي ئەھكام ھەققىدە يۈزەكى مەلۇماتقا ئىگە بولغان تۇرۇقلۇق،ئۆزلىرىنى كاتتا ئەھلى - ئۆلىما قاتارىدا پەدەزلەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ھازىرقى ئۇچۇر دەۋرىدە تور ياكى ۋەز - نەسىھەت ئۈنسىنلىرىدىنئازراق بىر نەرسىنى ئۆگىنىۋېلىپ، ئىسلام دېگەن مانا مۇشۇ ئىكەن دەپ ئويلايدۇ.ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەن قالمايدۇ، ھەتتا پۈتۈن ھاياتىنى ئىلىم ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزگەن،ئۆزىدىن كۆپ پىشقەدەم ھەقىقي ئىلىم ئەربابلىرىغا تىل ئۇزىتىدۇ.

ئۈچىنچى، پەتىۋا بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولماي تۇرۇپ، ئالدىراپ ئۆز خاھىشى بويىچە پەتىۋا بېرىش.

تەكفىرچىلەر قانداقلا بىر مەسىلىگە پەتىۋا بېرىشنىڭ ئاللاھنىڭ نامىدىن ھۆكۈم قىلىش ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭ جاۋابكارلىقىنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ئاللاھ تائالادىن قورقماي ئاغزىغا كەلگەنچە پەتىۋا چىقىرىپ، ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ.

تۆتىنچى، ئىخلاس ۋە ياخشى نىيەتبىلەنلا كۇپايە-يىلىنىپ، ئىلىم بىلەن قوراللانماسلىق. چۈنكى مۇ-سۇلمانلارنى ئىسلاھ قىلىش، ئاللاھنىڭ دىنىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئىسلامىي ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن يالغۇز ئىخلاس ياكى ياخشى نىيەتلا كۇپايە قىلمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىلىم - مەرىپەتلىك، ھوشيارلىق، تەقۋالىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. خاۋارىجلارمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئىخلاسمەن، ياخشى نىيەتلىك ئادەملەر ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ شەرىئەت ئىلمىدىن يېتەرلىك دەرىجىدە نېسىۋىسى يوقتى. شۇڭا ئۇلار «چوڭ گۇناھ سادىر قىلغانلار كاپىر بولىدۇ» دېگەن پىكىردە چىڭ تۇرۇۋالغان.

بەشىنچى، ئىلىم - مەرىپەتلىك بولۇشنىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىك، شۇنىڭدەك، ئىلىم تەلەپ قىلىشنىڭ خېلى كۆپ ئىبادەتلەردىن مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن، ساھابىلەرنىڭ زامانىدىن باشلاپ پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى مۇسۇلمانلارنى ئىبادەت ۋە جىھاد قىلىشتىن

ئاۋۋال ئىلىم ئۆگىنىشكە تەشۋىق قىلىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەنمەسلىكتۇر. تابىئىن ئۆلىمالىرىدىن ھەسەن بەسرى مۇنداق دېگەن: «بىلىمسىز ئىش قىلغۇچى ئەگرى ـ توقاي يوللاردا ئادىشىپ قالغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئىبادەت بىلەن ئىلىم ئۆگىنىشنى بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى قىلىۋالمىغان ھالدائىلىم ئۆگىنىڭلار. بەزى قەۋملەر بەزى ئىبادەتلەرگە كۆپايە قىلىپ، ئىلىم ئۆگىنىشكە سەل قارىغانلىق سەۋەبلىك، نادانلىقتىن ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىغا قىلىچ تەڭلىگەن، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىلىمدىن نېسىۋىسى بولسا ئىدى، ھەرگىز بۇنداق قىلمىغان بولاتتى».

ئالتىنچى، ئۆزىنىڭ كۆزقاراشلىرىغا ماسلاشمايدىغانلارنى مۇسۇلمان ھېسابلىمايدىغان، يېنىدا تۇرۇپ پىكرى جەھەتتىن قوللىمايدىغان ئالىم ـ ئۆلىمالارنى ئىلىم ئەھلى قاتارىدىن كۆرمەيدىغان ئىنساپسىزلاردۇر. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى ئۇچچىغا چىققان نەپسانىيەتچىلىك ۋە مۇتەئەسسىپلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

## كۇفرى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

كۇفرى دېگەن نېمە؟

«كۇفرى» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى: پەر-

دىلەش، يوشۇرۇش ۋە يېپىش دېگەنلىك بولىدۇ. شەرئىي ئىستېمال مەنىسى: ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىنى ياكى ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى، ياكى «قۇرئان كەرىم» ۋە سەھىھ ھەدىسلەر ئارقىلىق ئىمان ئېيتىش بەلگىلەنگەن ئەقىدە مەسىلىلىرىدىن بىرەرسىنى قەستەن ئىنكار قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداق ئادەملەر كاپىر ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: ﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلار، ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى (ئاللاھقا ئىشىنىپ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمەيمىز دېيىش بىلەن) ئايرىۋەتمەكچى بولغانلار، (پەيغەمبەرلەرنىڭ) بەزىسىگە ئىشىنىمىز، بەزىسىگە ئىشەنمەيمىز دېگۈچىلەر ۋە ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ ئارىسىدا (ئوتتۇرا) يول تۇتماقچى بولغانلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار راستتىنلا كاپىرلاردۇر، كاپىرلارغا ئەلەملىك ئازاب تەييارلىدۇق﴾[1].

بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىدىغان دىنسىزلار، باتىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ بەزىسىنى ئىنكار قىلىدىغانلارنى، شۇنىڭدەك يەھۇدىي ـ خىرىستىيان ۋە دىنسىز مۇلھىدلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كاپىرلىق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى، ئېتىقادتىكى

[1] نىسا سۈرىسى: 151 ـ 150 ـ ئايەتلەر.

كاپىرلىق، يەنە بىرى، ئىش ـ ئەمەلدىكى كاپىرلىق. ئېتىقادتىكىكاپىرلىقنى سادىر قىلغان كىشى ئىماندىن چىقىپ كېتىدۇ. ئەمما ئەمەلدىكى كاپىرلىقنىسادىر قىلغان كىشى ئىماندىن چىقىپ كەتمەيدۇ، لېكىن ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ.

## ئېتىقادتىكى كۇفرىلىقنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە

بىرىنچى، ئىنكار قىلىپ كاپىر بولۇش

ئىنكار قىلىپ كاپىر بولۇش ـ «قۇرئان كەرىم» گە ياكى سەھىھ ھەدىسلەرگە ياكى ئۇلاردا كەلگەن ھۆكۈملەرگە، ياكى ناماز، روزا، زاكات، ھەجگە ئوخشاش پەرز ئىبادەتلەرنىڭ بىرەرسىگە ئىنكار قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك جانابى ئاللاھ «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:﴿ئاللاھ تائالاغا يالغاننى چاپلىغان ياكى ھەق كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ جەھەننەمدە كاپىرلارغا جاي يوقمىدۇ؟﴾[1].

ئىككىنچى، تەكەببۇرلۇق قىلىپ كاپىر بولۇش

تەكەببۇرلۇق قىلىپ كاپىر بولۇش ـ ئىسلام ئەھكام-لىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ھاكاۋۇرلۇقىدىن

[1] ئەنكەبۇت سۈرىسى: 68 ـ ئايەت.

ئۇنىڭغا بويسۇنماسلىق دېگەنلىكتۇر. بۇ خىلدىكى كاپىرلىق ئىبلىسنىڭ كۇفرىلىقىغا ئوخشايدۇ. چۈنكى ئىبلىس ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان ئىدى. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە "ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار" دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس (سەجدە قىلىشتىن) باش تارتتى، تەكەببۇرلۇق قىلدى، ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى﴾[1].

دېمەك، ئىبلىس ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغانلىقى ئۈچۈن كاپىر بولۇپ كەتكەن. بۇ مەزكۇر ئايەتتە ئېنىق بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغان چوڭچى - ھاكاۋۇرلارنىڭ ئاقىۋىتى ئىبلىسنىڭكىدىن پەرقلىق بولمايدۇ.

### ئۈچىنچى، شەك كەلتۈرۈپ كاپىر بولۇش

شەك كەلتۈرۈپ كاپىر بولۇش - «قۇرئان كەرىم» ۋە سەھىھ ھەدىسلەر ئارقىلىق بېكىتىلگەن ئەقىدە مەسىلىلىرىدىن بىرەرسىگە شەك كەلتۈرۈش دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿(كاپىر ئادەم مۇنداق دېدى) قىيامەت بولمايدۇ دەپ ئويلايمەن، ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىمغا قايتۇرۇلغاندىمۇ(يەنى قىيامەت بولغاندىمۇ) ئەلۋەتتە بۇ باغدىن ياخشىراق جاينى

[1] بەقەرە سۈرىسى: 34 - ئايەت.

تاپىمەن. ئۇنىڭغا (مۇئمىن) بۇرادىرى مۇنازىرلەشكەن ھالدا، سېنى تۇپراقتىن، ئاندىن ئابىمەنىدىن يارىتىپ، ئاندىن سېنى راۋۇرۇس ئىنسان قىلغان زاتنى ئىنكار قىلامسەن؟ دېدى﴾[1]. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا ئىشەنگەن بولسىمۇ، ئاخىرەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن ئادەم شەكسىز كاپىردۇر.

بۇ ئايەتتە، قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا شەك كەلتۈرگەن كىشى ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغانغا ئوخشاش ئىكەنلىكبايان قىلىنغان. ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقىدا شەك يوق.

تۆتىنچى: ئېتىراز بىلدۈرۈپ كاپىر بولۇش

ئېتىراز بىلدۈرۈپ كاپىر بولۇش ـ ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ئىش ـ ئەمەللەرگە قارشىلىق بىلدۈرۈش ۋە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈش دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿كاپىرلار ئاگاھلاندۇرۇلغان نەرسىلەردىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردۇر﴾[2].

بۇ ئايەتتىن، جانابى ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىدىن يۈز ئۆرىگەن كىشىلەرنىڭ شەكسىز كاپىر بولىدىغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

[1] كەھف سۈرىسى: 36 ـ 37 ـ ئايەتلەر.

[2] ئەھقاف سۈرىسى: 3 ـ ئايەت.

بەشىنچى: مۇناپىقلىق قىلىپ كاپىر بولۇش

مۇناپىقلىق قىلىپ كاپىر بولۇش ـ تىلىدا ئىشىنىپ قويۇپ، دىلىدا ئىشەنمەسلىك دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار، ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ﴾[1].

بۇ ئايەتتە، مۇناپىقلار ئېغىزلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى«مۇسۇلمان» دەپ قانچىلىك دەۋا قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلاردىن ئەمەس، بەلكى كاپىرلاردىن ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ.

ئېتىقادتىكى كاپىرلىقنى سادىر قىلغان ئادەمنىڭ مۇسۇلمانلىقى ئەمەلدىن قېلىپ، كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. بۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ قىلغان پۈتۈن ياخشى ئىش ـ ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئېتىقادتىكى كاپىرلىق بىلەن مۇسۇلمانلىق ئەسلا بىر يەرگە كېلەلمەيدۇ.

**ئەمەلدىكى كاپىرلىقنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە:**

بىرىنچى: تۇزكورلۇق قىلىپ كاپىرلىق سۈپىتىگە كىرىش

[1] بەقەرە سۈرىسى 8 ـ ئايەت.

تۇزكورلۇق قىلىپ كاپىرلىق سۈپىتىگە كىرىش ـ ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا شۈكۈر ئادا قىلماسلىق دېگەن بولىدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿نېمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن، ئەگەر كۇپرانى نېمەت قىلىپ (تۇزكورلۇق) قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلۋەتتە، بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ﴾[1].



ئىككىنچى: گۇناھ ـ مەئسىيەت سادىر قىلىپ كاپىرلىق سۈپىتىگە كىرىش

گۇناھ ـ مەئسىيەت سادىر قىلىپ كاپىرلىق سۈپىتىگە كىرىش ـ ئىسلام شەرىئىتىدە كاپىرلىق بىلەن سۈپەتلەنگەن ھەرقانداق گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر ۋە چەكلەنگەن ئىش دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى،مۇسۇلماننىڭ قېنىنى ناھەق تۆكۈش. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿مۇسۇلماننى ھاقارەتلەش ئېغىر گۇناھتۇر، ئۇنى ناھەق ئۆلتۈرۈش كاپىرلىقتۇر﴾[2].

ئىككىنچى، ھاراق، ئوغرىلىق، ۋە زىنا ـ پاھىشىگە ئوخشىغان چەكلەنگەن قىلمىشلارنى قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق

---

[1] ئىبراھىم سۈرىسى 7 ـ ئايەت.

[2] بۇخارى رىۋايىتى.

ھەدىس بايان قىلىنغان: «زىنا قىلغۇچى مۇئمىنلىك ھالىتىدە تۇرۇپ زىنا قىلمىغىنىدەك، ئوغرىمۇ مۇئمىنلىك ھالىتىدە تۇرۇپ ئوغرىلىق قىلمايدۇ، شۇنىڭدەك ھاراق ئىچكۈچىمۇ مۇئمىنلىك ھالىتىدە تۇرۇپ ھاراق ئىچمەيدۇ»[1].

ئۈچىنچى، ناماز، روزا، زاكات قاتارلىق پەرز ئەمەللەرنى تەرك ئېتىش. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «كاپىرلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى پەرق نامازدۇر. نامازنى تەرك قىلغان كىشى كاپىر بولغان بولىدۇ»[2]. بۇ ھەدىستىكى كاپىرلىق ئىماندىن چىقىرىدىغان دەرىجىدىكى ئېتىقادىي كاپىرلىق ئەمەس، بەلكى ئەمەلدىكى كاپىرلىقتۇر.

تۆتىنچى، ھۆكۈم سەۋەبلىك كاپىرلىق سۈپىتىگە كىرىش

ھۆكۈم سەۋەبلىك كاپىرلىق سۈپىتىگە كىرىش ـ شەرىئەت قانۇنىنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلىپ تۇرۇپ، باشقا قانۇنلار بويىچە ئىش كۆرۈش دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ھەقتە جانابىي ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿كىملەركى، ئاللاھ چۈشۈرگەن ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئەھمەت رىۋايىتى.

كاپىرلاردۇر﴾[1].

ئەمما ئاللاھنىڭ چۈشۈرگەن شەرىئەت قانۇنىنى «بۇ دەۋرگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ» دېگەن ئېتىقاد بىلەن ياكى يەرلىك قانۇنلارنى ئۇنىڭدىن ئەۋزەل ياكى ئوخشاش كۆرۈپ،ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەر ئېتىقادتىكى كاپىرلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. چۈنكى بۇ خىل كاپىرلىق ئېتىقادىي كۇفرىنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ ئىمانغا زىت كېلىدۇ. شۇڭا بۇنى سادىر قىلغۇچىلار كاپىر بولىدۇ[2].

ئەمەلدىكى كاپىرلىقنى سادىر قىلغان كىشىنى ئىسلامدىن چىقىپ، كاپىر بولۇپ كەتتى دېگىلى بولمايدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ ياخشى ئىش ـ ئەمەللىرىمۇ بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئەمەلدىكى كاپىرلىق ئىمانغا زىت كەلمەيدۇ، بىراق ئۇنى سادىر قىلغۇچى ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىدۇ.

يۇقىرىقىلار ئومۇمغا قارىتىلغان ھۆكۈمدۇر. ئەمما بىرەر شەخسنىڭ كاپىرلىقىغا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شۇ شەخس ئۆزى ئىقرار قىلىشى ياكى ئوچۇق دەلىل ـ ئىسپات تۇرغۇزۇلۇشى شەرت قىلىنىدۇ. كاپىرلىقنى

[1] مائىدە سۈرىسى 44 ـ ئايەت.

[2] دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ«ئىسلامدا ئىبادەت» ۋە شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەل فەۋزاننىڭ «تەۋھىد كىتابى» ناملىق ئەسەرلىرىدىن ئېلىندى.

تۆۋەندىكىدەك سەككىز تۈرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ئىسلام دىنىغا ئىشەنمەيدىغانلار.

ئىككىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھاقارەتلىگۈچىلەر.

ئۈچىنچى، ئىسلام دىنىنى ياكى «قۇرئان كەرىم» نى مەسخىرە قىلغۇچىلار.

تۆتىنچى، دەھرىيلەر[1] ۋە زامانىمىزدىكى كوممۇنىستلار.

بەشىنچى، يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلار.

ئالتىنچى، ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار.

يەتتىنچى، ئىسلام نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ئازغۇن پىرقىلەردىن باتىنىيە، ئىسمائىلىيە، باھائىيە ۋە قادىيانىيە پىرقىلىرى. بۇلارنىڭ كاپىرلىقىنى ئوچۇق سۆزلەش لازىم. چۈنكى ئىسمائىلىيە ۋە قادىيانىيە پىرقىلىرى توغرۇلۇق شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە «ئۇلارنىڭ كاپىرلىقى يەھۇدى ۋە خىرىستىيانلارنىڭ كاپىرلىقىدىنمۇ ئېغىردۇر. چۈنكى ئۇلار دىنىنىڭ ئاساسلىق مەسىلىلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ» دېگەن. باھائىيە ۋە قادىيانىيە پىرقىلىرى يېڭى بىر دىن شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئۇلار

---

[1] دەھرىيلەر ـ «ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى مۇشۇ ھاياتىمىزدۇر، (بىر تەرەپتىن) ئۆلىمىز، (يەنە بىر تەرەپتىن ھاياتقا كۆز ئېچىپ) تىرىلىمىز . زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوق بولۇپ تۈگىشىمىز» دەيدىغانلاردۇر. (جاسىيە سۈرىسى، ـ24 ئايەت).

ئىسلام قانۇنلىرىنى رەت قىلىدۇ. قادىيانىيە غۇلام ئەھمەد قادىيانىنى ئاخىرقى پەيغەمبەر، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ ۋە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كۆپلىگەن ئاساسلىق مەسىلىلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇ پىرقىلەرنىڭ كۆپلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئىنگلىز جاھانگىرلىكىنىڭ مۇسۇلمانلارنى بۆلۈپ ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقارغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

سەككىزىنچى، بىر قىسىم شىئە تائىپىلىرى. شىئە مەزھىپىدىكىلەر ھەر خىل پىرقىلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىمامىيە ۋە زەيدىيە پىرقىلىرىغا ئوخشاش ئەھلى سۈننە مەزھىپىگە ئەڭ يېقىن بولغان پىرقىلىرىمۇ بار. ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىدىن ئىكەنلىكىدە شەك يوق. شىئەلەرنىڭ مۇسۇلمانلىقتىن كاپىرلىققا يېقىن پىرقىلىرىمۇ بار. شىئەلەرنىڭ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان، شۇنىڭدەك «پەيغەمبەرلىك ئەسلىدە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنى جىبرىل خاتالىشىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئېلىپ كەلگەن» دەيدىغان پىرقىسىنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىنى ئىسلام ئۆلىمالىرى يېتەرلىك دەلىل- ئىسپاتلار بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرگەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىلاھ دېگىنى ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغانلىقى ياكى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكىدۇر، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىكنىڭ ئەسلىدە ئەلى رەزىيەللاھۇغا

كەلگەنلىكىنى دەۋا قىلغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقىدۇر. ئۇلارنىڭ ئېتىقاد سىستېمىسى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇ ۋاقىتىدىكى مۇشرىكلاردىن ھېچبىر پەرقى يوق. چۈنكى مۇشرىكلارمۇ ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتاتتى، ئەمما ئۇنىڭغا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرەتتى. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە شىئەلەرنىڭ رافىزە پىرقىسى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «ئۇلار ئەڭ زالىم، ئەڭ نادان ۋە ئەڭ ئەخمەق كىشىلەردۇر. ئۇلار ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىگە دۈشمەنلىك قىلىدۇ، پەيغەمبەرلەردىن قالسا ئەڭ ئۇلۇغ كىشىلەردىن بولغان مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارنى ۋە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغان سالىھ ـ ياخشى بەندىلەرنى يامان كۆرىدۇ، كاپىر، يەھۇدىي، خرىستىيان ۋە مۇشرىكلاردىن بولغان مۇناپىقلارنى دوست تۇتىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىشىدۇ»[1].

## تۆر بىلەن شەخسلەرنى ئايرىش مەسىلىسى

ئىسلام ئۆلىمالىرى كاپىرلىق مەسىلىسىدە تۈر بىلەن شەخسنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن مەلۇم بەلگىلىمىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىزنىڭ «ئاللاھ تائالانى ياكى

[1] شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ «پەتىۋالار مەجمۇئەسى»ناملىق ئەسىرى 1 ـ توم، 20 ـ بەت.

ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ياكى«قۇرئان كەرىم» ۋەمۇتەۋاتىر ھەدىسلەر ئارقىلىق ئىمان ئېيتىش بەلگىلەنگەن ئەقىدە مەسىلىلىرىدىن بىرەرسىنى ئاشكارا ئىنكار قىلغانلار شەكسىز كاپىر بولىدۇ» دېگەن سۆزىمىز تۆرگە ۋە مۇئەييەن پىرقىغا قارىتىلغان ئومۇمىي ھۆكۈمدۇر. كاپىرلىق مۇئەييەن بىر شەخسكە قارىتىلماقچى بولسا، ھۆكۈم قىلىشتىن ئاۋۋال ئۇ كىشىنىڭ راستتىنلا كاپىر بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ مەۋقەئەسىنى ئېنىق بىلىش شەرتتۇر. بۇ ھەقتە شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: «بەزىدە بىرەر ئېغىز سۆزمۇ كىشىنى كاپىرلىق گىرداۋىغا ئاپىرىشى مۇمكىن. مەسىلەن: «كىمكى مۇنۇ سۆزنى دەيدىكەن، ياكى شۇ ئىشنى قىلىدىكەن ئۇنداق كىشى كاپىردۇر» دەپ بەلگىلەنگەن ئىشنى قىلغان ياكى سۆزنى دېگەن كىشىنىڭ ئۆزىدىن ئوچۇق ئىپادە ئالماي ياكىئېنىق دەلىل ـ ئىسپاتقا ئىگە بولماي تۇرۇپ،ئۇنى كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ مەسىلە «قۇرئان كەرىم»دە يېتىملەر ھەققىدە كەلگەن مونۇ ئايەتنىڭ مەسىلىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا يېنىپ تۇرغان ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ﴾[1]. بۇ ئايەت ئومۇمغا

[1] نىسا سۈرىسى: 10 ـ ئايەت.

قارىتىلغان بولۇپ، مۇئەييەن شەخسنى كۆزدە تۇتمايدۇ. يەنى قانداقلا ئادەم يېتىمنىڭ پۇل- مېلىنى يەۋالسا، ئۇ قورسىقىغا يېنىپ تۇرغان ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ. لېكىن يېتىمنىڭ ھەققىنى يەپ قالغان ئادەم گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ، يېتىمنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇپ، گۇناھسىز ھالىتىدە ئۆلۈشى ياكى چوڭ ساۋابلىق ئەمەللەرنى كۆپلەپ قىلىپ، ئۇنىڭ سايىسىدا پۈتۈن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان بولۇشى ياكى ئېغىر مۇسىبەت ياكى چوڭ سىناقلارغا يولۇقۇپ ئاللاھقا سەۋر قىلغانلىقى سەۋەبلىك جانابى ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشىشى مۇمكىن».



## مۇسۇلماننى كاپىر دېيىش ئوڭاي ئەمەس

ئىسلام ئۆلىمالىرى مۇنداق دەيدۇ: بىر مۇسۇلماننى كاپىر دېيىش ئۈچۈن ئۇنىڭ كاپىرلىق سۆزنى ياكى كاپىر بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان گۇناھنى ئوچۇق- ئاشكارا قىلغان بولۇشى، شۇنىڭدەك، بىلمىگەنلىكتىن، سەۋەنلىكتىن، ياكى مەجبۇرلانغانلىقتىن شۇ ھالغا چۈشۈپ قالمىغان بولۇشى شەرتتۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئەگەر ئۇنىڭ مەلۇم كۇفرى سۆزنى ياكى كاپىر بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان مەلۇم گۇناھنى قىلغانلىقى شەك قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە ئېنىق ئىسپاتلانمىسا، ئۇنى كاپىر دېيىشكە بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، مەزكۇر كۇفرى

سۆزنى ياكى كاپىر بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان مەزكۇر گۇناھنى بىلمەستىن ياكى سەھۋەنلىكتىن ياكى تەۋىل قىلغانلىقتىن (يەنى ئۆزىنىڭ ئېتىقادىدا بۇنداق سۆز ياكى بۇنداق گۇناھ كاپىر بولۇشقا سەۋەب بولمايدۇ، دەپ چۈشەنگەنلىكتىن) ۋە ياكى شۇ كۇفرى سۆزنى ئېيتىشقا ياكى كاپىرلىققا سەۋەب بولىدىغان شۇ گۇناھنى قىلىشقا مەجبۇرلانغانلىقتىن سادىر قىلغان بولسا، ئۇنى كاپىر دېيىشكە قەتئىي بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزرىلىكتۇر.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: «مۇنداق ئىشنى قىلغان ئادەم ياكى مۇنداق سۆزنى دېگەن ئادەم كاپىر بولىدۇ، دېيىلگەندە بۇ يەردە ئومۇمىي ھۆكۈم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىراق كاپىر بولۇشقا سەۋەب بولىدىغان بىر ئىشنى قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ شۇ ئىشنى سادىر قىلغانلىقىغا ئېنىق ۋە ئوچۇق دەلىل- ئىسپات بولمىسا، ئۇنى كاپىر دېيىشكە بولمايدۇ». ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇنۇ سۆزنى قىلسا، ئۇ كاپىر بولىدۇ، دېيىلگەن بولسا، ئەگەر ئۇ سۆزنى مەلۇم بىر شەخس دېگەن بولسا، ئۇنىڭ كاپىرلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئەمەلىي دەلىل-ئىسپات بولمىسا، ئۇنى كاپىر دېيىشكە بولمايدۇ». بۇ مەسىلىگە مۇنداق مىسال كەلتۈرۈلىدۇ: ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە: «ئوغرىلىق قىلغان ئەرنىڭ ۋە ئوغرىلىق قىلغان ئايالنىڭ قولىنى كېسىڭلار»دەپ ئەمر قىلغان. بۇ

ئايەتتىكى ھۆكۈم ئومۇمغا قارىتىلغان بولۇپ، ئوغرىلىق قىلغان ھەر قانداق ئەر- ئايالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما بىراۋغا قول كېسىش جازاسىنى ئىجرا قىلىشقا توغرا كەلگەندە، بۇنىڭ شەرتلىرى تولۇق تېپىلىشى كېرەك. مەسىلەن: بىر كىشىنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقىغا گۇۋاھچىلارنىڭ تولۇق تېپىلىشى، ياكى ئۆزى ئېتىراپ قىلىشى، ئوغرىلىغان نەرسىنىڭ ئۆلچەمگە يېتىشى، شۇنىڭدەك ھۆكۈم شەخسلەر تەرىپىدىن ئەمەس مەھكىمە شەرئىي تەرىپىدىن چىقىرىلىشى، ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىشتا دۆلەت تەرەپتىن ئىجرا قىلىنىشى دېگەندەك شەرتلەر... مانا بۇنىڭغا ئوخشىغان شەرتلەر ھازىر بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىشكە بولمايدۇ.

## مۇسۇلماننى كاپىر دېيىشكە بولمايدۇ

كۇفرى سۆزنى ئاشكارا ئېيتقانلار ئۈچۈن شۇنچىلىك ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرۈش لازىم بولغان يەردە، ياخشى ئىشلارنىمۇ، يامان ئىشلارنىمۇ قىلىدىغان ۋە «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتقان مۇسۇلمانلار توپىنى كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىش بۇ قانداق جۈرئەت؟ مۇسۇلمان ئادەم بۇنىڭغا جۈرئەت قىلالامدۇ؟ ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«كىمكى بىرەر مۇسۇلماننى كاپىر دەيدىكەن، دېيىلگەن كىشى كاپىر بولمىغان بولسا، ئۇنى دېگەن كىشىنىڭ ئۆزى كاپىر بولىدۇ»دېگەن تۇرسا، مۇسۇلمانلارنى كاپىرلىققا چىقىرىۋېتىدىغانلار ۋە ئۇلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشنى رەۋا كۆرىدىغانلار بۇ ھەدىسنى ئاڭلىمىغانمىدۇ؟ ھەتتا شاھادەت كەلىمىسىنى ئاغزاكى ئېيتىپ قويغان مۇناپىقلارغىمۇ دۇنيا ئىشلىرىدا مۇسۇلمانلىق مۇئامىلىسى قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالى ئاللاھقا ھاۋالە قىلىنىدۇ. ئەھۋال بۇ تۇرۇغلۇق، قانداقمۇ مۇسۇلمان تويىنى كاپىرلىققا چىقىرىۋېتىشقا بولىدۇ؟ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىگە قارشى ئۇرۇش ئاچقان خاۋارىجلارنىمۇ «كاپىر» دېمىگەن. ساھابىلەر ئۇنىڭدىن «خاۋارىجلار كاپىر بولمىسا نېمە ئەمىسە؟» دەپ سورىغاندا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇلار كاپىرلىقتىن قاچقان كىشىلەردۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن.

## تەكفىرنىڭ خەتەرلىرى

بىراۋنى كاپىرغا چىقىرىۋېتىشنىڭ خەتىرى ناھايىتى چوڭ. ئۇنىڭ كىشىگە، جەمئىيەتكە ۋە دىنغابولغان خەتىرىنى تۆۋەندىكىدەك يەكۈنلەشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، مۇرتەد[1] بولغان ئادەمنى ئايالىدىن ئايرى-

[1] مۇرتەد ـ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، دىنىدىن يېنىۋالغان ئادەمنى كۆرسىتىدۇ.

ۋىتىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمان ئايال كاپىر ئەرگە ھالال ئەمەستۇر.

مۇرتەد بولغان ئادەمنىڭ ئەھلى - ئەۋلادى ئۇنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا قالسا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ كۇفرىلىقى بىلەن ئەھلى - ئەۋلادىغا سەلبىي تەسىر بېرىشى، ھەتتا ئۇلارنىمۇ ئازدۇرۇپ دىنىدىن چىقىرىۋېتىشى مۇمكىن. شۇڭا مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قالغان ئائىلىنىڭ ئەھلى - ئەۋلادى مۇسۇلمان ئامىسىنىڭ زىممىسىدە بولىدۇ.

ئىككىنچى، مۇرتەد بولغان ئادەم مۇرتەدلىك قىلمىشى بىلەن مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە سەلبىي تەسىر بەرگەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا مەنىۋى جازا قوللىنىپ توغرا يولغا قايتقۇچىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىششى ۋە ھەر قانداق بىر مۇئامىلە قىلىشى چەكلىنىدۇ يەنى جەمئىيەتتە يېتىم قالدۇرۇلىدۇ.

ئۈچىنچى، مۇرتەد بولغان ئادەم ئۆلگىنىدە يۇيۇپ تارالمايدۇ، جىنازە نامىزى ئوقۇلمايدۇ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنمايدۇ.

تۆتىنچى، مۇرتەد بولغان ئادەم تەۋبە قىلماي ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ ئاللاھنىڭ لەنىتىگە لايىق بولىدۇ ۋە رەھمىتىدىن قوغلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىراۋنىڭ كاپىرلىقىغا ھۆكۈم قىلىشتا ئالدىرىماسلىق ۋە قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش لازىم بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز كىشىلەرنى كاپىر قىلىشقا ئەمەس، ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ مۇسۇلمان قىلىشقا بۇيرۇلغانمىز. ھەمدە بىراۋنى كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىش ئىشى شەخسلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىسلام مەھكىمىسىنىڭ ۋە دۆلەت مۇفتىسىنىڭ مەسئۇلىيىتى.



## كىشلەر ئىسلام دىنىغا قانداق كىرىدۇ؟

كىشىلەر ئىسلام دىنىغا «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ ـ ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرىدۇر» دېگەن كەلىمە شاھادەتنى ئېيتىش ئارقىلىق كىرىدۇ. بۇ كەلىمىنى ئېيتقان كىشىگە مۇسۇلمانچە مۇئامىلە قىلىنىدۇ ۋە ئىسلام ئۈممىتىدىن سانىلىدۇ. چۈنكى بىز ئىشلارنىڭ زاھىرىغا ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇلدۇق. كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكىنى بىلمەيمىز ۋە بىلىشكىمۇ بۇيرۇلمىدۇق. ئۇ پەقەت ئاللاھ تائالاغا خاس ئىشتۇر. بۇنىڭ دەلىللىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتقان كىشىنىڭ شاھادىتىنى قوبۇل قىلىپ، مۇسۇلمان

ھېسابلىغان ۋە ئۇ كىشىنىڭ مۇسۇلمانلار جامائەسىدىن بولۇشى ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى قېرىندىشى بولۇشى ئۈچۈن، ئىسلام پەرزلىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇكەممەل ئادا قىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرمىغان. يەنى ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ناماز ۋاقتىنىڭ كىرىشىنى ياكى رامىزان ئېيىنىڭ كېلىشىنى كۈتمەستىن، ئۇنىڭ ئىمانىنى قوبۇل قىلغان.

ئىككىنچى، ئىمام بۇخارىنىڭ ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسكە ئاساسلانغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيدنىڭ بىر ئادەمگە قىلىچنى يالىڭاچلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتقىنىغا قارىماستىن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ناھايىتى قاتتىق ئاچچىقلانغانلىقىنى ۋە زەيدقا كايىپ «لائىلاھە ئىللەللاھ» دېگەن ئادەمنىمۇ ئۆلتۈرەمسەن؟ دېگەندە، زەيد: «ئۇ قىلىچتىن قورقۇپ شۇنداق دېدى» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا «سەن ئۇنىڭ قەلبىنى يېرىپ كۆردۈڭمۇ؟» دەپ ئاچچىقلانغان. يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «لائىلاھە ئىللەللاھ» دېگەن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگىنىڭ ئۈچۈن قىيامەت كۈنى قانداقمۇ قىلارسەن» دېگەنلىكى سۆزلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىمان ئېيتماقچى بولۇپ كەلگەن ئادەمنىڭ ئىمانىنى قوبۇل قىلىشتا

ئۇنىڭغا ناماز، زاكات، روزا قاتارلىق پەرزلەرنى شەرت قىلمىغان. ھەتتا بەزى قەۋملەر زاكات بەرمەسلىك شەرتى بىلەن ئىمان ئېيتماقچى بولۇپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ (بۇ ئىلتىماسىنى ۋاقتىنچە) قوبۇل قىلغان. بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «سەقىف قەبىلىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا زاكات بەرمەسلىك ۋە جىھادقا قاتناشماسلىق شەرتى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلغان ۋە «ئۇلار كېيىن چوقۇم زاكات بېرىدۇ ۋە جىھادقىمۇ چىقىدۇ» دېگەن».



يەنە ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە نەسر ئىبنى ئاسىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئادەمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، كۈندە ئىككى ۋاقىتلا ناماز ئوقۇشنى شەرت قىلىپ، ئىمان ئېيتقانلىقىنى رىۋايەت قىلغان.

شۇڭا بۇرۇنقى كاتتا ئۆلىمالار «ئىسلام ـ كەلىمىدۇر» دېگەن. تەبىئىيكى، بۇ ئورۇندىكى «كەلىمە» شاھادەت كەلىمىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلامنىڭ ناماز، زاكات، روزا قاتارلىق پەرز ئىبادەتلىرى كىشى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن تەلەپ قىلىنىدىغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەردۇر. چۈنكى

مۇسۇلمان بولمىغان ئادەمگە ئىبادەت پەرز ئەمەس. ئۇلار ئىبادەت قىلىسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ئەمما بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زاكاتنى بېرىشنى رەت قىلغانلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچقانلىقى بىزنىڭ بۇ ئېيتقانلىرىمىزغا قەتئىي زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار بىرىنچىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا بېرىپ كەلگەن زاكاتنى بېرىشتىن باش تارتقان. بۇنىڭ ئۈستىگە زاكاتنىڭ ھۆكمى «قۇرئان كەرىم» دە ئېنىق بەلگىلىنىپ بولغان. ھۆكمى ئېنىق بولغان پەرز ئەمەلنى ئىنكار قىلغان كىشى مۇرتەد بولىدۇ. بۇ خىل مۇرتەدلەرنى يوقىتىپ، جەمئىيەتنى ئۇلارنىڭ سەلبىي تەسىرىدىن ۋە زىيانكەشلىكىدىن قوغداش پەرزدۇر. ئىككىنچىدىنئۇلارنىڭ زاكات بېرىشنى رەت قىلىشتىن مەقسىتى، ئىسلام خەلىپىسىگە قارشى چىقىش ۋە ئىسلام دىنىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىپ، ئۇلارنى تىنجىتىش ئارقىلىق مەدىنىدىكى يېڭى ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەملىگەن.

## ئىمانى بىلەن ئۆلگەن ئادەم جەننەتكە كىرىشكە لايىقتۇر

«لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىنى ئىقرار قىلغان ھالدا ئۆلگەن ئادەم

ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مۇنۇ ئىككى ئەۋزەللىككە ئېرىشىدۇ:

بىرىنچى، دوزاختا مەڭگۈ قالمايدۇ. يەنى بەزى مۇسۇلمانلار گەرچە زىنا، ئوغرىلىق، ھاراق ئىچىش، جازانە قىلىش قاتارلىق ھارام ئىشلارنى قىلغان ۋە گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلماستىن ئۆلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆز قىلمىشىغا لايىق دوزاختا ئازابلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئاخىرى جەننەتكە كىرىدىغانلىقىدا شەك يوق. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: « جەننەتكە لايىق بولغانلار جەننەتكە، دوزاخقا لايىق بولغانلار دوزاخقا كىرىپ بولغاندىن كېيىن، جانابى ئاللاھ: «قەلبىدە قىچىغا چاغلىق ئىمانى بارلارنى دوزاختىن چىقىرىڭلار» دەپ پەرمان قىلىدۇ»[1]. بۇ ھەدىسكە ئاساسەن پۈتۈن ئەھلىسۈننە ۋەلجەمائە ئۆلىمالىرى قەلبىدە زەررىچىلىك ئىمانى بولغان كىشىنىڭ دوزاختا قالمايدىغانلىقىدا بىردەك پىكىر بىرلىكىدە بولغان.

ئىككىنچى، جەننەتكە كىرىدىغانلىقى. مۇنداق كىشى گەرچە جەننەتكە دەسلەپكىقاتاردا كىرەلمىسىمۇ، گۇناھلىرىغا لايىق دوزاختا ئازابلىنىپ بولغاندىن كېيىن چوقۇم جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى «قۇرئان كەرىم» ۋە سەھىھ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان.

بۇخارى ۋە مۇسلىم قاتارلىق بۇ ئىككى ئىمامنىڭ

[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «كىمكى ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقلۇقىغا، ئۇنىڭ شېرىكى يوق ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەريەمگە چۈشۈرۈلگەن كەلىمىسى، ھەم ئۇنىڭ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن روھ ئىكەنلىكىگە، جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ھەقلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدىكەن، ئۇنىڭ ئىش - ئەمىلىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاللاھ ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ».

ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قانداقلا بىر بەندە «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەددۇن رەسۇلۇللاھ»دەپ ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىمانى بويىچە ئۆلىدىكەن، ئۇ چوقۇم جەننەتكە كىرىدۇ».

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دېگەن ئادەم دوزاختا قالمايدۇ. قەلبىدە بۇغدايچىلىك ياخشىلىق بار كىشىمۇ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ».

ئۇبادە ئىبنى سامت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دەيدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا دوزاخنى ھارام قىلىدۇ».

يۇقىرىقى ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم ھەدىس پىشىۋالىرىدىن رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىسلەردۇر. ھەدىسلەردە زىكىر قىلىنغان» جەننەتكە كىرىش»تىن مەقسەت، جەننەتكە دەسلەپتە كىرەلمىسىمۇ، نىھايەتتە كىرىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭدەك «دوزاختا قالمايدۇ» ۋە «دوزاخنى ھارام قىلىدۇ» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئۇقۇم مەنىسىمۇ، دوزاختا مەڭگۈلۈك قالمايدۇ ۋە گۇناھىغا لايىق ئازابلانغاندىن كېيىن دوزاختىن چىقىرىلىپ، جەننەتكە كىرىدۇ، دېگەن بولىدۇ.

## ئىسلامدىن چىقىپ كېتىشكە سەۋەب بولىدىغان ئامىللار:

شاھادەت كەلىمىسىنى ئىقرار قىلىپ، مۇسۇلمان بولغان ئادەم شۇ ئىمانىنىڭ تەقەززاسى بويىچە، ئىسلام شەرىئىتىدە بۇيرۇلغان جىمى ئەھكاملارغا رىئايە قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئەھكاملارنى رەت قىلىش ياكى قوبۇل قىلىش ئىختىيارى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆز قانائىتى بىلەن ئېيتقان ئىمانى ئۇنىڭغا بۇ مەجبۇرىيەتنى

يۈكلىگەن بولىدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر - ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ﴾[1]. ﴿(پەيغەمبەر) مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا ئۇلار: «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشلىرى كېرەك، مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[2].

شۇنى ئېنىق بىلىش كېرەككى، ئىسلام دىنىنىڭ پەرز، ۋاجىب، ھارام قاتارلىق ئەھكاملىرى «قۇرئان كەرىم» ۋە مۇتەۋاتىر ھەدىسلەردە ئېنىق كۆرسىتىلگەن. بۇ ھەممە مۇسۇلمان كىشىنىڭ نەزىرىدە شەك قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە مۇئەييەنلەشكە مەسىلە. بۇنى ئىسلام ئۆلىمالىرى«الضرورات من الدين» يەنى (دىندا بىلىش زۆرۈر بولغان مەسىلىلەر» دەپ ئاتايدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى ھەممە كىشىنىڭ ئېنىق بىلىدىغانلىقىنىڭ ئالامەتلەردىن بىرى، بۇ مەسىلىلەرنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن دەلىل كەتمەيدۇ.

[1] ئەھزاب سۈرىسى: 36 - ئايەت.

[2] نۇر سۈرىسى: 51 - ئايەت.

مەسىلەن: بەش ۋاخ ناماز، زاكات ۋە روزا قاتارلىق ئىسلام ئىبادەتلىرىنىڭ پەرز ئىكەنلىكى، ئادەم ئۆلتۈرۈش، زىنا قىلىش، جازانىخورلۇق قىلىش، ھاراق ئىچىش، پاك كىشىلەرگە تۆھمەت چاپلاش قاتارلىق چوڭ گۇناھلار ۋە نىكاھ، تالاق، قىساس قاتارلىق ئەھكاملاردۇر.

«دىندا بىلىنگەن مەسىلىلەر»دىن بىرەرسىنى ئىنكار قىلغان ياكى رەت قىلغان ياكى مەسخىرە قىلغان ئادەم ئىماندىن چىقىپ كېتىدۇ. چۈنكى يۇقىرىقى ئەھكاملار «قۇرئان كەرىم» ۋە مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر بىلەن ئېنىق بەلگىلەنگەن پرىنسىپلاردۇر. بۇ ئىسلام ئۈممىتى بىردەك بىرلىككە كەلگەن مەسىلىلەردۇر.



## چوڭ گۇناھلار ئىماننى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئەمما ئىماندىن چىقارمايدۇ

چوڭ گۇناھ سادىر قىلغان ئادەم، ئەگەر قىلغان ئىشىغا تەۋبە قىلماي، شۇ ئىش ئۈستىدە كېتىۋەرسە، ئۇنداق كىشىنىڭ ئىمانى ئاجىزلايدۇ، لېكىن ئىمانى يىلتىزىدىن قۇرۇپ كەتمەيدۇ.

بۇ قارىشىمىزنى تۆۋەندىكى نوقتىلار ئارقىلىق دەلىللەيمىز:

بىرىنچى، ئەگەر چوڭ گۇناھنى سادىر قىلغان ئادەم شۇ گۇناھى سەۋەبلىك كاپىر بولۇپ كېتىدىغان بولسا،

ئۇ كاپىرلارغا ئوخشاشلا ئەبەدىيلىك دوزاختا مەھكۇم قىلىنىدۇ. ئەمما «قۇرئان كەرىم» ھەدىس ۋە ئىجما بۇنى رەت قىلىدۇ.

ئىككىنچى، «قۇرئان كەرىم» دەقاتىلنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرىگە نىسبەتەن دىنىي قېرىنداش دەپ ئاتالغان. بۇ ھەقتە جانابىي ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ. قاتىل ئۈچۈن (دىنىي) قېرىندىشى تەرىپىدىن بىرنەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇ دىيەتنى قاتىلدىن) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى لازىم﴾[1]. بۇ ئايەتتە قاتىل گەرچە ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇ ئۆزى ئۆلتۈرگەن ئادەمنىڭ ئىگىلىرىگە نىسبەتەن دىنىي قېرىنداشلىقدىن چىقىپ كەتمىگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن ئادەم مۇتلەق ئىماندىن ئايرىلىپ كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ. بەلكى چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىدۇ.

ئۈچىنچى، «قۇرئان كەرىم» بىر - بىرىگە قىلىچ تەڭلىگەن ئىككى پىرقە مۇسۇلمان كىشىلەرنىمۇ «مۇئمىنلەر»

[1] بەقەرە سۈرىسى: 178 ـ ئايەت.

ۋە « قېرىنداشلار» دەپ ئاتىغان. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر مۇئمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، ئەگەر ئۇلار قايتسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئادىللىق بىلەن تۈزەپ قويۇڭلار، (ھەر ئىشتا) ئادالەتلىك بولۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ئادالەتلىك بولغانلارنى دوست تۇتىدۇ. مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر. ئۇنداقتا، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار﴾[1]. شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئىككى مۇسۇلمان بىر-بىرىگە قىلىچ تەڭلىسە، ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچى ھەر ئىككىسى دوزاختا كىرىدۇ»[2]. ئۆلىمالار بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر-بىرىگە قىلىچ تەڭلىگەن ئىككى كىشىنى «مۇسۇلمان»دەپ تىلغا ئالغانلىقىغا ئاساسلىنىپ،مۇسۇلمان ئادەم چوڭ گۇناھ قىلغانلىقى سەۋەبلىك كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ، دېگەن پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۆتىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاراق ئىچكەن بىر ئادەمنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ جازالاشقا بۇيرۇغان. ئادەمگە

---

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى: 9 ـ 10 ـ ئايەتلەر.

[2] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

قامچا ئۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، بەزى ساھابىلەر «ئاللاھ ئۇنى خار قىلسۇن!» دېيىشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئۇنداق دېمەڭلا، ئۇنىڭغا شەيتاننى ياردەمچى قىلماڭلار»[1].

مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ گۇناھكارلارغا بولغان كەڭچىلىكى ۋە شەپقىتىدۇر. ھەتتا ھاراق ئىچكەنلىك گۇناھى تۈپەيلى قامچا ئۇرۇلۇشقا بۇيرۇلغان كىشىنىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئىنسانلىق ھۆرمىتىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىغا، ھاقارەتلىنىشكە ۋە لەنەتلىنىشكە يول قويمىغان. گەرچە ئۇ ھاراق ئىچىشتەك چوڭ گۇناھ سادىر قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار سېپىدىن چىقىپ كەتمىگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاراق ئىچكەن ئادەمنى «قېرىنداشلار» دېگەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەشكە بۇيرۇغانلىقى ھاراق ئىچكەن ئادەمنىڭ كاپىر بولۇپ كەتمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن باشقا گۇناھلار كەچۈرۈم قىلىنىدۇ

شېرىكتىن باشقا پۈتۈن گۇناھلار مەيلى چوڭ گۇناھلاردىن بولسۇن، مەيلى كىچىك گۇناھلاردىن بولسۇن،

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

ئاللاھنىڭ پەزلى ـ كەرەمى بىلەن كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: ﴿ئاللاھ ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقىسىنى (ئاللاھ ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ﴾[1].

ئايەتتىكى شېرىكتىن ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرىنى ئىلاھ قىلىۋېلىپ چوقۇنۇش ياكى ئاللاھ تائالاغا ئېتىقاد قىلىش بىلەن بىرگە مەخلۇقاتلارغا چوقۇنۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ» دېگەن بۇ پرىنسىپنى شېرىكتىن قول ئۈزۈپ، تەۋبە قىلغانلارغا تەتبىقلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى گۇناھىغا تەۋبە قىلغان كىشى مەيلى شېرىكتىن تەۋبە قىلسۇن، مەيلى باشقا گۇناھلاردىن تەۋبە قىلسۇن، بەربىر ئوخشاش، ئۇ چوقۇم ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشىدۇ. چۈنكى ئاللاھ «قۇرئان كەرىم» دە: ﴿(ئى پەيغەمبەر! گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە ئۇۋال قىلغان بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، (ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى!) ئاللاھنىڭ

[1] نىسا سۈرىسى: 116 ـ ئايەت.

رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. چۈنكى ئاللاھ جىمى گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ دېگەن»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە مۇنداق دېگەن: «سىلەر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغۇرلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەسلىككە، پاك كىشىلەرگە تۆھمەت چاپلىماسلىققا، دىنىنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماسلىققا ئەھدە بېرىڭلار. كىمكى بۇ ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ تولۇق بېرىدۇ. كىمكى بۇ گۇناھلاردىن بەزىسىنى قىلىپ سالسا، دۇنيادا جازالىنىش ئارقىلىق گۇناھلاردىن پاكلىنىدۇ، بۇ دۇنيادا جازاسىنى كۆرمىگەن تەقدىردە، ئۇنىڭ ھېسابى ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ، ئاللاھ خالىسا ئازابلايدۇ، خالىسا كەچۈرۈم قىلىدۇ»[2].

كۆرگىنىمىزدەك، بۇ ھەدىسمۇ چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلغانلارنىڭ گۇناھى سەۋەبلىك كاپىر بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

[1] شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە پەتىۋالىرى 7 ـ توم 484 ـ بەت.

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

## بىر ئادەمدە ئىمان ۋە كاپىرلىقنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ تېپىلىشى

بىر ئىنساندا ئىماننىڭ بەزى ئالامەتلىرى بىلەن بىرگە كۇفرىلىق ياكى مۇناپىقلىقنىڭ ئالامەتلىرىمۇ تېپىلىدۇ.

بۇ ھەقىقەت قەدىمقى ۋە ھازىرقى كۆپلىگەن ئۆلىمالارنىڭ نەزىرىدىن ساقىت بولۇپ كەلگەن مەسىلە. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، ئىنسان يا مۇئمىن بولىدۇ ياكى كاپىر بولىدۇ. ئۈچىنچىسى بولالمايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، شەيئىلەر يا ئاق ياكى قارا بولىدۇ، بۇ ئىككىسىدىن باشقىسى يوق. مەلۇمكى، ئۇلار قارا بىلەن ئاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رەڭلەرنى ئۇنۇتقان. شۇڭا ئۇلار بەزى شەخسلەردە ياكى بىرەر جامائەدە ئىماننىڭ پۈتۈن سۈپەتلىرى تولۇق تېپىلماستىن، كۇفرىنىڭ ياكى مۇناپىقلىقنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، ئۇلارنى «كاپىر» ياكى «مۇناپىق» دەپ ھۆكۈم قىلىۋېتىشكە ئالدىرايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىماننىڭ ئالامەتلىرى بىلەن كۇفرىنىڭ بەزى ئالامەتلىرى بىر قەلبتە تېپىلمايدۇ.

ھالبۇكى، ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى: «سەندە جاھىلىيەتنىڭ ئالامەتلىرى بار ئادەم ئىكەنسەن» دېگەن. جاھىلىيەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن مەقسەت كاپىرلىقنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. ھالبۇكى، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساھابىلەرنىڭ ئىچىدە

تەقۋالىقى ۋە غازاتلاردا ئالدىنقى سەپتە بولۇشى بىلەن تونۇلغان كاتتا ساھابە ئىدى. دېمەك، بەزى مۇئمىنلەردە ئىماننىڭ ئالامەتلىرى تېپىلغاندەك كاپىرلىقنىڭ بەزى ئالامەتلىرىمۇ تېپىلىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەنلا ئۇنى كاپىرغا چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «كىمكى جىھاد قىلماستىن ياكى جىھاد قىلىشنى ئارزۇ قىلماستىن ئۆلىدىكەن، ئۇ مۇناپىقلىقنىڭ بىر ئالامىتى بىلەن ئۆلگەن بولىدۇ»[1] دېگەن.



ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ سۆزىنى رىۋايەت قىلغان: «ئىمان قەلبتە بىر ئاقلىق ئالامىتى بىلەن باشلىنىدۇ، بەندىنىڭ ئىمانى كۈچەيگەنسېرى ئۇنىڭ قەلبى تېخىمۇ ئاقىرىشقا باشلايدۇ، ئىمان تولۇقلانغاندا، ئۇنىڭ قەلبى پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كېتىدۇ. مۇناپىقلىقمۇ قەلبتە بىر قارىلىق ئالامىتى بىلەن باشلىنىدۇ، بەندە مۇناپىقلىققا داۋام قىلغانسېرى، ئۇنىڭ قەلبى شۇنچىلىك قارىيىشقا باشلايدۇ، ئۇ تولۇق مەنىدىكى مۇناپىقلاردىن بولغىنىدا، ئۇنىڭ قەلبى پۈتۈنلەي قارىيىپ كېتىدۇ. ئەگەر سىز مۇئمىننىڭ قەلبىنى يېرىپ كۆرەلىسىڭىز، ئۇنىڭدا ئاقلىقنى كۆرگەن، كاپىرنىڭ قەلبىنى يېرىپ كۆرەلىسىڭىز، ئۇنىڭدا

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

قارىلىقنى كۆرگەن بولاتتىڭىز».

## ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئىتائەتچانلىقتا بىر خىل ئەمەسلىكى

ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىكى دەرىجىسى ئوخشاش ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ئىمانىنىڭ دەرىجىسى ۋە ئاللاھ تائالاغا بولغان يېقىنلىقمۇ بىر خىل بولمايدۇ. شۇڭا ئىسلام ئۆلىمالىرى قەدىمدىن «ئىمان كەم ـ زىيادە بولىدۇ» دېگەن قائىدىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلار بۇ پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا «قۇرئان كەرىم» ۋەسەھىھ ھەدىسلەرگە ئاساسلانغان.

ئىنسانلارنى خۇددى پەرىشتىلەرگە ئوخشاش بارلىق خاتالىقلاردىن پاكتۇر، دەپ ئويلاش چوڭ خاتالىقتۇر. بۇ ئىنسانىنىڭ خاراكتېرىنى ۋە مىجەزىنى بىلمىگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقىقەتنى «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿ئاندىن كىتابنى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزىگە ئۇۋال قىلغۇچىدۇر، بەزىسى ئوتتۇراھالدۇر ۋە بەزىسى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىدۇر. مانا بۇ چوڭ پەزلى-كەرەمدۇر﴾[1].

يۇقىرىقى ئايەتتە، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نىڭ

[1] فاتىر سۈرىسى 32 ـ ئايەت.

ۋارىسلىرى بولغان ئىسلام ئۈممىتىنى ئۈچكە ئايرىغان:

بىرىنچى، ئۆزىگە ئۇۋال قىلغۇچىلار. بۇلار پەرزلەرنى ئادا قىلىشتا بىپەرۋالىق قىلىدىغان ۋە مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى سادىر قىلىدىغانلاردۇر.

ئىككىنچى، ئوتتۇرھاللىقنى ئۆزىگە لازىم تۇتقۇچىلار. بۇلار پەرز ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىدىغان، مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى تەرك ئېتىدىغان، بەزىدە سۈننەت، مۇستەھەب قاتارلىق ئىشلارنى قىلىشقا سەل قاراپ قالىدىغان، بەزىدە بىلىپ ـ بىلمەي گۇناھ ـ مەئسىيەتلىك ئىشلارنى قىلىپ تاشلايدىغان كىشىلەردۇر.

ئۈچىنچى، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىلار. بۇلار بۇيرۇلغان پەرز، ۋاجىب، سۈننەت قاتارلىق ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئورۇندايدىغان، چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ ھېچبىرىنى قىلمايدىغان ۋە گۇناھقا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ ئىنتايىن ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرىدىغان كىشىلەردۇر[1].

مۇپەسسىرلەرنىڭ پېشۋاسى ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مەزكۇر ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇلار ئاللاھ چۈشۈرگەن كىتابلارنىڭ مىراسچىلىرى بولغان ئىسلام ئۈممىتىدۇر.ئۇلاردىن ‹ئۆزىگە

[1] تەپسىرى ئىبنى كەسىر 3 ـ توم 454 ـ 555 ـ بەتلەر.

ئـۇۋال قىلغۇچىلار› نىـڭ گۇناھلىرىنـى ئاللاھ ئـۆزى مەغپىرەت قىلىـدۇ، ‹ئوتتۇراھاللار› نىـڭ ھېساب بېرىـش ئىشـلىرىنى ئالـلاھ ئاسان قىلىـدۇ، ئەمما ‹ئاللاھنىـڭ ئىرادىسى بىلەن ياخشـى ئىشـلارنى قىلىشـقا ئالدىرىغۇچىـلار› ھېسـاب ـ كىتـاب قىلىنماستىنلا ئـۇدۇل جەننەتكە كىرىپ كېتىـدۇ«[1].

«ئۆزىگـە ئـۇۋال قىلغۇچىـلار» نىـڭ مەغپىـرەت قىلىنىدىغـان گۇناھىپەقـەت كىچىـك گۇناھـلا ئەمـەس، بەلكى چوڭ گۇناھلارنىمۇ ئـۆز ئىچىگە ئالىـدۇ. بـۇ ھەقتـە شەيخۇلئىسـلام ئىبنـى تەيمىيـە مۇنـداق دېگەن:«ئـادەم بالىسـىدىن گۇنـاھ قىلمايدىغنـى يـوق. گۇناھىغـا تەۋبـە قىلغـان ھـەر قانـداق ئـادەم ئايەتتىكـى ‹ئوتتۇراھالـلار› ياكـى ‹ئاللاھنىـڭ ئىرادىسـى بىلـەن ياخشـى ئىشـلارنى قىلىشـقا ئالدىرىغۇچىلار› نىـڭ قاتارىغـا كىرىـدۇ» .



[1] ()ئالدىنقى مەنبەدىن.

# ھىزبۇتتەھرىر

ھىزبۇتتەھرىرنىڭ مۇسۇلمانلارغا، خۇسۇسەن ئۇيغۇرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىغا كەلتۈرگەن زىيان-زەخمەتلىرىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشقا ھاجەت يوق دەپ قارايمەن. چۈنكى ھەممە كىشى بۇنى چۈشىنىدۇ. بىرلا ئۆزبېكىستاندا ھىزبۇتتەھرىرگە باغلىنىشلىق دېگەن باھانە بىلەن سەككىز مىڭ كىشىنىڭ تۈرمىلەردە نابۇت بولغانلىقى، بىزنىڭ ئۇيغۇر دىيارىمىزدىمۇ بۇنىڭدىن كۆپرەك ئۇيغۇرنىڭ تۈرمىدە ياتقانلىقىنى بىلىش يېتەرلىك بولسا كېرەك.

ئىشنىڭ قىزىقى، بۇ تەشكىلاتنىڭ مەنسۇپلىرى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە تۇتقۇن قىلىندى، تۈرمىگە تاشلاندى، ھەتتا ئۆلتۈرۈلدى. ئەمما غوللۇق رەھبەرلىرى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئەركىن ئازادە ياشاۋاتىدۇ. بۇ ئادەمنى ئويلاندۇرۇپ قويىدىغان مەسىلە!

ئەگەر ھىزبۇتتەھرىر ئىسلام روھىغا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يولىغا ئۇيغۇن ۋە ئىسلامنىڭ غەلىبىسىنى ئۈمىد قىلىدىغان ئوت يۈرەك مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ ئۈمىدىگە لايىق بولسا

ئىدى، بۇ يولدا بىر ئەمەس، بىر قانچە جىنىمىز بولسىمۇ پىدا قىلغان بولاتتۇق. ئەمما ھىزبۇتتەھرىرنىڭ «ئىسلام خەلىپىلىكىنى قۇرۇپ چىقىپ، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى ئەزىز قىلىمىز» دېگەن بۇ ياڭراق شوئارى، مەن مۇسۇلمان دېگەن ھەممە ئادەمنى جەلب قىلسىمۇ، لېكىن بۇ «كوممۇنىزمغا يېتىمىز»دەپ خەلقنى ئۆمىدلەندۈرۈپ قويۇپ يېرىم يولدا قالغان كوممۇنىزمچىلارنىڭ ۋەدىسىگە ئوخشاش ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان بىر ۋەدە بولۇپ كەلمەكتە. چۈنكى ئالدىنقى ۋەدىنى بەرگەنلەر دۇنيانىڭ سىياسىتىنى بىلمىگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى بىلەن ماڭمىغان، كېيىنكى ۋەدىنى بەرگەنلەر ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىنى چۈشەنمىگەن. بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ۋەدىلىرى ئەمەلگە ئاشمىغان.

دىلى پاك، نىيىتى ساپ، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ غايىسى قىلغان ئوت يۈرەك مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى ھىزبۇتتەھرىر دېگەن بۇ مەۋھۇم گوروھنىڭ چاڭگىلىدا نابۇت بولۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ،ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئائىت ماتېريال مەنبەلىرىگە ئاساسلانغان ھالدا، ئۇلار ھەققىدە تۆۋەندە قىسقىچە توختۇلىمىز.

**بىرىنچى، ھىزبۇتتەھرىرنىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولغان ئامىللار**

مەلۇمكى، ئىسلام ئۈممىتى كۈچ-قۇۋۋەتتە، شان-

شەۋكەتتە ۋە سەلتەنەتتە كامالەتكە يېتىپ، دۇنيانىڭ ئۈچ قىتئەسىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ئىچكى ئىختىلاپ ۋە بۆلۈنۈش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى ئاجىزلاپ سەلتەنىتىنى يوقاتتى. شۇنىڭدەك موڭغۇل ئىستىلاسى، ئەھلى سەلىب ھۇجۇمى، غەرب مۇستەملىكىسى، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشلىرى قاتارلىقلارنى باشتىن كەچۈردى، ئەڭ يامان بولغىنى ئاخىرقى ئىسلام خەلىپىلىكى ئوسمانىيە خەلىپىلىكى يىقىلغاندىن كېيىن، مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆپ قىسمىنى بېسىۋالدى. مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى قىبلىسى بولغان پەلەستىن زېمىنىنى يەھۇدىيلار بېسىۋالدى. ھەممىلا يەردە مۇسۇلمانلار خورلاندى، ئىسلام دېگۈچىلەر چەتكە قېقىلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىسلام دۇنياسىدا مىللەتچىلىك دەۋاسى باش كۆتۈردى، ھەتتا مىسىر ۋە سۈرىيەگە ئوخشىغان بەزى ئىسلام ئەللىرى سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ئۆتۈپ كەتتى.دەل مۇشۇ پەيتتە ئىسلام دۇنياسىدىكى دىندار غەيۇرلار ئىسلام ئۈممىتىنى قۇتقۇزۇپ قىلىش ۋە قايتىدىن قەد كۆرۈش يولىدا باش قاتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى مۇسۇلمانلارنى بۇ خارلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولى مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى قوراللىق ئۇرۇش قىلىش دېسە، بەزىلىرى قۇتۇلۇش يولى ئىسلام خەلىپىلىكىنى قۇرۇش دېگەن، يەنە بەزىلىرى باشقىچە يول تۇتقان بولدى. مانا ھىزبۇتتەھرىرمۇ شۇلارغا ئوخشاش

غەيۇرلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىققان تەشكىلات بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى بىردىنبىر قۇتقۇزغۇچى تەشكىلات دەپ سانىغان. ھەتتا ئۇلارنىڭ باياناتىدا مۇنداق دەپ كەلگەن: «مۇسۇلمانلارنى خارلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىسلامنىڭ شان-شەۋكىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئىسلامىي تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولدى. ئۇلار شۇنداق مەغلۇپ بولۇشقا مەھكۇم ئىدى. چۈنكى ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئىسلامىي تەشكىلات بولسىمۇ، ئۇلار ئىسلامنى توغرا چۈشەنمىگەن. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى ئىسلامنىڭ روھىدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتكەن ۋە كىرىزىس ئۈستىگە كىرىزىس پەيدا قىلغان.

شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، ئىسلامنى توغرا چۈشەنگەن، ئۇنى توغرا تەتبىق قىلىدىغان، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىسلامىي ياشاشنى قايتىدىن بارلىققا كەلتۈرىدىغان بىر تەشكىلاتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى زۆرۈر بولۇپ قالغان ئىدى. مانا ھىزبۇتتەھرىر شۇ مەقسەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى»[1].

«ھىزبۇتتەھرىرچىلەر ئەنە شۇنداق دەۋا بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، باشقا تەشكىلاتلار مەغلۇپ بولغىنىدەك مەغلۇب بولغان تەشكىلاتتۇر. ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ، شۇنىڭدەك باشقا ئىسلامىي تەشكىلاتلارنىڭ مەغلۇب بولۇشىدىكى

[1] «ھىزبۇتتەھرىرنىڭ چۈشەنچىلىرى» ناملىق كىتابنىڭ 8، 9- بەتلىرى.

تۈتقۇلـۇق سـەۋەب ئۇلارنىـڭ ئىسـلام ئۈممىتــى گىرىپتـار بولغـان مەنىۋىـي كېسـەللەرگە توغـرا دىئاگنـوز قويالمـاي، توغـرا يولدىــن ئازغانلىقىــدا. چۈنكـى ئىسـلام ئۇممىتىنــى ئىسـلاھ قىلىـپ ئۇلارنـى بۇرۇنقـى شان-شـەۋكىتىگە ئىگـە قىلىـش ئىشـى پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەت يولىغا تولـۇق ئەمـەل قىلىـش بىلەنـلا بولىـدۇ. چۈنكـى ئىسـلام ئۇممىتـى ئىلگىـرى نېمـە بىلـەن تۈزەلگـەن بولسا، ئۇلارنـى يەنــە شـۇ نەرسـە بىلـەن تـۈزەش لازىـم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەت ئۇسۇلىغا ئەگىشىشنىڭ زۆرۈر تەرەپلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچـى، ئەقىدىنـى تـۈزەش ۋە ئۇنـى ساپلاشتۇرۇشـقا ئەھمىيـەت بېرىـش.

ئىككىنچـى، تەلىم-تەربىيەنـى ئومۇملاشـتۇرۇپ، جاھالەتكە خاتىمــە بېرىــش، مۇسـۇلمانلارنى «قۇرئــان كەرىــم» گــە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ سـۈننىتىگە ۋە سـەلەپ سالىھلارغا باغـلاش.

ئۈچىنچـى، مۇسـۇلمان ئەۋلادلارنــى قۇرئـان ۋە سـۈننەت روھـى بىلـەن تەربىيلـەپ يېتىلـدۈرۈش.

تۆتىنچـى، مۇسـۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائـالا بىلـەن بولغـان مۇناسـىۋىتىنى كۈچەيتىـش.

بەشـىنچى، ئىسـلامنى ياخشـى ئۆگىنىـپ، ئۇنىـڭ كـۆر-

سەتملىرى بويىچە ئەمەل قىلىش »[1]

## ئىككىنچى، ھىزبۇتتەھرىرنىڭ قۇرغۇچىسى

ھىزبۇتتەھرىرنىڭ قۇرغۇچىسى ئەللامە مۇھەممەد تەقىيۇددىن نەبھانىي دېگەن كىشى ئىدى، ئۇ، 1908 ـ يىلى پەلەستىننىڭ شىمالىدىكى ئەجزەم دېگەن رايوندا، ئىلىم ـ مەرىپەتلىك بىر ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى يېتۈك ئالىم بولۇپ، پەلەستىن تەلىم ـ تەربىيە مىنىستىرلىقىغا قاراشلىق بىر مەكتەپتە ئۇستازلىق قىلاتتى. بوۋىسى پەلەستىننىڭ قازىسى، ئەدىب ۋە شائىر ئىدى. نەبھانىي ئاۋال بوۋىسىدا، ئاندىن ئاتىسىدا ئوقۇپ تەلىم ئالغان. 1928 ـ يىلىغا كەلگەندە، مىسىردىكى داڭلىق بىلىم يۇرتى ئەزھەرگە بېرىپ، ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىپ، پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1932 ـ يىلى قاھىرە ئۇنىۋېرستىسى «دارۇل ئۇلۇم» فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. نەبھانىي ناھايىتى ئەقىل ـ پاراسەتلىك، قايىل قىلىش قابىلىيىتى يۇقىرى، ۋاقتىنى قەدىرلەيدىغان، تىرىشچان، ئىجتىھاتلىق ئالىم ئىدى.

نەبھانىي پەلەستىنگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ھەيفا شەھىرىدە ھۆكۈمەت مەكتىپىدە مۇئەللىملىك قىلىش بىلەن

[1] جەمئان ئىبنى ئەھمەد زەھرانىينىڭ «ھىزبۇتتەھرىردىن ئاگاھلاندۇرۇش» ناملىق كىتابى 8 ـ بەت.

بىر ۋاقىتتا، ئىسلامىي مەدرىسىلەردە ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ 1938 ـ يىلى ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن قازىلىققا تەيىنلىنىپ، 1947 ـ يىلىغا قەدەر خىزمەت قىلغان. بۇ ئارىدا پەلەستىندە چىققان ئىنقىلابتا ئەللامە ئىززۇددىن قەسسام شېھىت قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن نەبھانىيىڭ سىياسىي ھاياتى باشلانغان. ئۇ، 1938 ـ يىلى «ئىتىسام» دېگەن سىياسىي تەشكىلاتنى قۇرغان. بۇ تەشكىلاتنىڭ غايىسى پەلەستىندىن ئىنگىلىزلارنى ھەيدەپ چىقىرىش ۋە يەھۇدىيلارنىڭ يەرلىشىشىگە قارشى كۆرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. 1948 ـ يىلى يەھۇدىيلا پەلەستىننى بېسىۋالغاندا، نەبھانىي ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە بەيرۇتقا ھىجرەت قىلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. كېيىنچە بەيرۇتتىن ئىيوردانىيەگە بېرىپ يەرلەشكەن ۋە قۇدۇس شەھىرىنىڭ قازىلىقىغا تەيىنلەنگەن. مەلۇم مۇددەت قازىلىق قىلغاندىن كېيىن، خىزمىتىدىن ئىستىپا سوراپ، ئوممان شەھىرىدىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئۇستازلىق قىلغان. 1952 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇستازلىقتىن ئايرىلىپ، ھىزبۇتتەھرىر تەشكىلاتىنى قۇرغان. ئەمما ئۇنىڭ بۇ تەشكىلاتى ئەرەب ھۆكۈمدارلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. ھەتتا نەبھانىي بىر يەردە خاتىرجەم تۇرالمايدىغان ۋەزىيەتكە كېلىپ قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە سەرسانلىقتا ئۆتكەن. ئۇ، 1978 ـ يىلى لىۋاننىڭ پايتەختى بەيرۇت شەھىرىدە

يوشۇرۇنغان يېرىدە ۋاپات بولغان.

## ئۈچىنچى، ھىزبۇتتەھرىرنىڭ قۇرۇلۇشى

مىسىردا ئەللامە ھەسەن ئەل بەننا قۇرغان«ئەلئىخۋانۇل مۇسلىمۇن» تەشكىلاتى ئىيوردانىيەدە سىياسى ۋە پىكرىي ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە تەسىرى كۈچكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىيوردانىيەدىكى كوممۇنىستلار بېشىنى كۆتۈرەلمەيدىغان بىر ھالەتكەچۈشۈپ قالغانتى.



«ئەللامە نەبھانىي ھىزبۇتتەھرىرنى قۇرۇپ چىقىشى بىلەن بۇ تەشكىلاتنىڭ دەۋىتى ئىيوردانىيەدە ناھايىتى تېز تارقىلىدۇ ۋە كۆپلىگەن زىيالىيلار دۆلەتنىڭ كادىرلىرىدىن تەشكىل تاپقان دىيانەتلىك كىشىلەر بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىيوردانىيەدە «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىنىڭ تەسىر دائىرىسى ئازىيىشقا باشلايدۇ.ئىيوردانىيەدە تۇرۇشلۇق تەشكىلات رەھبەرلىرى نەبھانىينى ئۆزلىرىگە تارتىشقا ئورۇنغان بولسىمۇ، نەبھانىي ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۋالىدۇ.شۇ سەۋەبلىك ئىيوردانىيەدىكى ئىسلامىي جامائەتلەر ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. بۇ بۆلۈنۈش كوممۇنىستلارنىڭ نەپەس يولىنى ئاچىدۇ.

ئەللامە نەبھانىي ھىزبۇتتەھرىر تەشكىلاتىنى ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىدىن ھاجى ئەمىن ھۈ-

سەينىي، ئەسئەد بۇيۇز تەممىي ۋە ئابدۇلقادىر زەلۇم قاتارلىق ئۈچ كىشى بىلەن قۇرغان. ئاز ۋاقىت ئىچىدە كۆپلىگەن زىيالىلار تەشكىلاتقا ئەزا بولۇپ كىردۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەللامە نەبھانىي ئىيۇردانىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىن ئۆزىنىڭ سىياسىي پارتىيە قۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىش تەلىۋىدە بولىدۇ.لېكىن ئۇنىڭ بۇ تەلىپى رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى قۇرۇلماقچى بولغان بۇ پارتىيەنىڭ نىزامنامىسىدا «تەخت ۋارىسلىق تۈزۈمگە يول قويۇلمايدۇ» دەپ قەيت قىلىنغان. ھالبۇكى، ئىيۇردانىيەنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا تەخت ۋارىسلىق تۈزۈمى ئاساسىي قانۇنىنىڭ بىر پارچىسى ھېسابلىنىدۇ.



ھىزبۇتتەھرىرچىلەر ئۆزلىرىنىڭ پارتىلىشىش غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان بولسىمۇ، سىياسىي ھەرىكەتتىن توختاپ قالمىغان. بەلكى تېخىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا، بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدە ئىشلەيدىغان دىندار كىشىلەرنى ۋە ھەربىي سەپتىكىلەرنى ئۆزلىرىگە تارتىش ئۈچۈن سەپەرۋەرلىك خىزمىتىنى كۈچەيتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، پەلەستىن ۋە ئىيۇردانىيەنىڭ كۆپلىگەن رايونلىرىدا بۇ تەشكىلاتنىڭ شۆبىلىرىنى ئاچقان.

نەبھانىي 1953-يىلى قۇدۇس شەھىرىدە مۇسۇلمان قېرىنداشلار جامائىتىنىڭ غوللۇق ئەزالىرىدىن بىرى بولغان سەييىد قۇتۇب بىلەن ئۇچرىشىپ، پىكىرلەشكەن

ۋە نەتىجىدە نەبھانى سەييىد قۇتۇبنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلار جامائىتىنىڭ نىزامنامىسى بويىچە ھەرىكەت قىلىش تەكلىپىنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلغان.

ئۇ، 1953 ـ يىلىھىزبۇتتەھرىر باش قوماندانلىق شتابىنى قۇدۇس شەھىرىدىن دەمەشىق شەھىرىگە يۆتكىگەن. كېيىنچە دەمەشىقتىن يۆتكەپ، لىۋاننىڭ پايتەختى بەيرۇت شەھىرىدە مۇقىملاشقان»[1].

## تۆتىنچى، ھىزبۇتتەھرىر تارقالغان جايلار



ھىزبۇتتەھرىر قۇرۇلۇپ بىرىنچى يىلى پەلەستىننىڭ قۇدۇس شەھىرىدە ئىش باشلىغان ۋە خېلىل، نابلىس شەھەرلىرىدە، پەلەستىنلىكلەرنىڭ ئەرىھا رايونى ئەتراپىدىكى چېدىرلىرىدا كۆپ تارقالغان. ئاندىن ئىيوردانىيە، سۈرىيە ۋە لىۋان قاتارلىق دۆلەتلەرگە تارقالغان. ئاندىن ئۇلار بارلىق ئەرەب دۆلەتلىرىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام ئەللىرىگە، ئاخىرىدا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا قانات يايدۇرۇش پىلانى بويىچە ھەرىكەت ئېلىپ بارغان. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ تەشكىلاتنىڭ مەنسۇپلىرى ئەنگلىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە كۆرۈنۈشكە باشلىغان.

[1] جەمئان ئىبنى ئەھمەد زەھرانىينىڭ «ھىزبۇتتەھرىردىن ئاگاھلاندۇرۇش» ناملىق كىتابىنىڭ 16 ـ 12 بەتلىرى.

90 ـ يىللارغا كەلگەندە، بۇ تەشكىلات ئوتتۇرا ئاسىيا، بېنگال قاتارلىق جايلاردا كېڭىيىشكە باشلىغان. كېيىنچە مالايسىيا ۋە ھىندونېزىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە رەسمىي شۆبىلىرى قۇرۇلغان ۋە مىڭلارچە ئەگەشكۈچىلىرى پەيدا بولغان. تۈركىيەدىمۇ بۇ تەشكىلاتنىڭ ئادەملىرى بولۇپ، مەخسۇس شۆبىسى بار.

ھىزبۇتتەھرىرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەركىزى ئۆزبېكىستان ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمان جۇمھۇرىيەتلىرى ئىچىدە ئەڭ دەسلەپ ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشكەنت ۋە ئەنجان شەھەرلىرىدە يىلتىز تارتىپ كېيىن، تاجىكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق جۇمھۇرىيەتلەرگە تارقالغان. خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا ھىزبۇتتەھرىرنىڭ يىلتىز تارتقانلىقىدىن بەكمۇ بىئارام بولغان ۋە ئۇلارنىڭ خەتىرىدىن ئەنسىرىگەن. ھەتتا خىتاي ھۆكۈمىتى قەشقەرنى ھىزبۇتتەھرىرنىڭ ئۇۋىسى دەپ ئېلان قىلىپ، ئۇلارنى قاتتىق باستۇرۇش ھەققىدە قارار ماقۇللىغان.

غەرب دۇنياسى ھىزبۇتتەھرىرنى تېررورچى تەشكىلات دەپ ئەيىبلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ ياۋروپاغا كېڭىيىپ بېرىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيدۇ. بەزى غەرب دۆلەتلىرىدە ھىزبۇتتەھرىر چەكلەنگەن تەشكىلات سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن: ئەنگلىيە، گېرمانىيە

قاتارلىق دۆلەتلەر ھىزبۇتتەھرىرنى رەسمىي تېررورچى تەشكىلات دەپ ئېلان قىلغان.

ھازىر دۇنيادا ھىزبۇتتەھرىر ئەڭ كۈچلۈك بولغان دۆلەت پەلەستىن ۋە ئەڭ كۆپ بەدەل تۆلىگەن دۆلەت ئۆزبېكىستاندۇر. چۈنكى پەلەستىندە ھاماس بىلەن فەتىھ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت چىققاندىن كېيىن، پەلەستىندىكى تەسىرى ئەڭ زور تەشكىلات ھىزبۇتتەھرىر بولۇپ قالغان.



**بەشىنچى، ھىزبۇتتەھرىرنىڭ تەشۋىقات قورالى**

ھىزبۇتتەھرىر جامائەتتى ئۆزلىرىنىڭ مۇددىئاسىنى كىشىلەرگە تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ:

بىرىنچى، مەخسۇس ئۆيلەرگە توپلىنىپ تەشكىلات ئەزالىرىغا ۋەز-نەسىھەت قىلىش ۋە ئەللامە نەبھانىنىڭ بەزى ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، دەرس قىلىش ئارقىلىق ئەزالارنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش.

ئىككىنچى، مەسجىدلەردە ۋە كىشىلەر توپلانغان جايلاردا خۇتبە ۋە لېكسىيەلەرنى سۆزلەپ كىشىلەرنى تەشكىلاتقا دەۋەت قىلىش.

ئۈچىنچى، تەشۋىقات ۋاراقچىلىرىنى تارقىتىش ئارقىلىق ئاۋام خەلققە تەشكىلاتنى تونۇشتۇرۇش.

بەشىنچى، مەكتەپ، مەدرىسىلەرگە بېرىپ، ئوقۇغۇ-چىلارنى ئۆزلىرىگە تارتىش ئۈچۈن تىرىشىش.

ھىزبۇتتەھرىر ئىدىيىسى دەسلەپتە« سەرىھ» (ئوچۇق) ناملىق ژۇرنال ئارقىلىق باشلانغان.بۇ ژۇرنال ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ ئېغىر چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان چاغدا، «رايە»( بايراق) دېگەن ئىسىمدا گېزىت چىقارغان. ئەمما بۇمۇ چەكلەنگەن. كېيىنچە ئۇلار بۇ گېزىتنىڭ ئىسمىنى «مەدەنىيەت» گېزىتىغا ئۆزگەرتىپ، بىروتتا چىقىرىشقا باشلىغان. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ يەردىمۇ توختۇتۇپ قويۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن،ئۇلار ئەللامە نەبھانىينىڭ بەزى ئەسەرلىرىنى كۆپەيتىپ تارقىتىش ئارقىلىق تەشۋىقات ئېلىپ بارغان.



### ئالتىنچى،ھىزبۇتتەھرىرنى تەنقىدلىگۈچىلەر نېمە دەيدۇ؟

بىرىنچى، ئەقىلگە ھەجمىدىن ئارتۇق ئىمتىياز بېرىش.

شۇ ھەقىقەت ئېنىقكى، ئەقىلنى كىتاپ ۋە سۈننەتنىڭ ئالدىغا قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئەقىلنىڭ ۋەزىپىسى قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ پىرىنسىپىدىن چەتنەپ كەتمىگەن ئاساستا ئۆز رولىنى جارىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. قەدىمدە مۇتەزىلە مەزھىبى ئەقىلگە ھەددىدىن ئارتۇق ئېتىبار بەرگەنلىكتىن قۇرئان ۋە سۈننەتتىكى كۆپلىگەن ھەقىقەتلەرنى ئىنكار قىلىشتەك ئاشقۇنلۇق خاتالىقنى

ئۆتكۈزگەن. سەلەپسالىھىنلارنىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلار «قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ روھىدىن چەتنەپ كەتكەن» لەردىن بولۇپ تۇنۇلغان. ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ «ئىمان» ناملىق كىتابىنىڭ 68 ـ بېتىدە: «ئىسلام ئەقىدىسىدە ئەقىل بىرلەمچىدۇر» دېگەن پىرىنسىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇنىڭدەك، ئۇلارنىڭ «ھەزبۇتتەھرىر» ناملىق كىتابىنىڭ 26 ـ بېتىدە: «...چۈنكى ئىسلام ئەقىدىسى ئەقلىي ۋە سىياسىي ئەقىدىدۇر» دەپ كۆرسىتىلگەن.

ھىزبۇتتەھرىرنىڭ قۇرغۇچىسى نەبھانىي «ئىسلام نىزامى» ناملىق كىتابىنىڭ 6ـ بېتىدە مۇنداق يازىدۇ: «ئىسلام ئىنسانغا ئەقلىنى ئىشلىتىشنى پەرز قىلغان. ئاللاھقا ئىمان ئېيتقاندىمۇ ئەقلىنى ئىشلىتىپ، تولۇق قانائەت بىلەن ئىمان ئېيتىش لازىم. چۈنكى ئىسلام ئەقىدىدە تەقلىدچىلىكنى مەنئى قىلىدۇ. ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشنىڭ ئاساسى ئەقىلدۇر... شۇ سەۋەبلىك مۇسۇلمان كىشى ئىماننى تەپەككۇر، ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ نەتىجىسى قىلىشى، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشتا ئەقىل ئۆز ھاكىمىيىتىنى جارىي قىلدۇرۇشى لازىم».

نەبھانىينىڭ بۇ دېگەنلىرى قارىماققا توغرا كۆرۈنىدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتە بۇ ئەقىلگە ئۆزىدە بولمىغان خۇسۇسىيەتلەرنى يۈكلىۋالغانلىقتۇر. چۈنكى ئىسلام نەزىرىدە ئەقىل ھاكىم ئورۇندا ئەمەس، بەلكى قۇرئان

ۋە ھەدىسنىڭ تېكىستلىرىنى كۆچلەندۈرگۈچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىمان ئېيتىشتا ئەقىل ئۆزىلا كۇپايە قىلىدىغان بولسا ئىدى، پەيغەمبەر كەلمىگەن، كىتاب نازىل بولمىغان تەقدىردىمۇ ئىنساندا ئەقىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەقلى ئارقىلىق ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ۋە بارلىقىغا ئىشەنمىگەن كىشىلەر جازاغا تېگىشلىك بولغان بولاتتى. ئەمما يالغۇز ئەقىل بىلەنلا ھەق دىننى تونۇغىلى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە بىرەر پەيغەمبەر كېلىپ ھەقىقەتنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئەقىل ئۇنى تەستىق قىلىپ قوبۇل قىلىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر كېلىپ ھەق دىننى يەتكۈزمىگۈچە ھېچكىم كاپىر دېيىلمەيدۇ ۋە ئىمان ئېيتمىغانلار ئەيىبلەنمەيدۇ. «قۇرئان كەرىم» دىكى ﴿بىز پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ ھېچكىمنى جازالىغىنىمىز يوق﴾[1] دېگەن ئايەت بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

ئىككىنچى، ئاھاد ھەدىسكە ئەمەل قىلماسلىق.

ئاھاد ھەدىس ـ راۋىيلىرىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە مۇتەۋاتىر[2] دەرىجىسىگە يەتمىگەن ھەدىسلەر دېمەكتۇر. ئاھاد ھەدىسنىڭ سەھىھلىكى ئىسپاتلانسا، ئۇنىڭغا ئەقىدە ۋە ئەھكام مەسىلىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئەمەل

[1] ئىسرا سۈرىسى: 15 ـ ئايەت.

[2] مۇتەۋاتىر ـ ئادەتتە يالغانغا چىقىرىشقا قەتئىي مۇمكىن بولمايدىغان، بىرىنچى سەنەدتىن (ئاۋۋالقى رىۋايەتچىدىن) ئاخىرقىسىغا قەدەر «ئەڭ ئىشەنچلىك» دېگەن سۈپەتنى يوقاتمىغان بىر توپ كىشىلەر تەرىپىدىن بىر خىل لەۋزى بىلەن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس دېگەنلىكتۇر.

قىلىش كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ نەزىرىدە جائىزدۇر. ئەمما ھىزبۇتتەھرىر ئاھاد ھەدىسنى ئەقىدە مەسىلىلىرىدە قوبۇل قىلمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن ھىزبۇتتەھرىرچىلەر «قەبرە ئازابىنىڭ راستلىقىغا ۋە دەججالنىڭ چىقىشىغا ئىشەنمەيدۇ»[1]. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ ئىككى ئىشقا ئىشەنگەن ئادەم گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى بۇ مەسىلىلەر ئاھاد ھەدىسلەر بىلەن سابىت بولغان.

ئۈچىنچى، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسى «دارۇلكۇفرى» دۇر.

ھىزبۇتتەھرىرنىڭ خاتالىقلىرىدىن يەنە بىرى ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئىسلام دۆلەتلىرىنى «دارۇل كۇفرى» (كاپىرلارنىڭ يۇرتى) دەپ ھېسابلىشىدۇر. ئۇلارنىڭ «ھىزبۇتتەھرىر» ناملىق كىتابىدا، «مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى دارۇلكۇفرىدۇر. گەرچە بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئاھالىسى مۇسۇلمان بولسىمۇ، ئۇلار دۆلەتلەر دارۇل كۇفرىدۇر»[2] دەپ كۆرسىتىلگەن. يەنە «ھىزبۇتتەھرىر ئۆزگەرتىش پىروگراممىسى» ناملىق كىتابتا: «ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇن ئومۇمەن ئىنسانلار تۈزگەن قانۇندۇر. بۇ قانۇنلار ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى مۇسۇلمان جەمئىيىتىنى كاپىر جەمئىيىتىگە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

[1] بۇ تەشكىلاتنىڭ«الموسوع »ناملىق كىتابىنىڭ 138 ـ بېتىدىن.

[2] «ھىزبۇتتەھرىر»ناملىق كىتاب 32 ـ بەت.

شۇڭا ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ھېچقايسىسى «دارۇل ئىسلام» ئەمەس»[1] دېيىلگەن.

يەنە «ھىزبۇتتەھرىر» ناملىق كىتابنىڭ 32 ـ بېتىدە، ھەتتا مەككە بىلەن مەدىنە شەھەرلىرىنىڭمۇ دارۇلكۇفرى سانىلىدىغانلىقى ئېيتىلغان. بۇنى ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئۇلارنى يەڭگەن ئەللامە شەيخ دىمەشقى ئۆزىنىڭ «ھىزبۇتتەھرىر» ناملىق كىتابىنىڭ 47 ـ بېتىدە بايان قىلىدۇ.

تۆتىنچى، پىكىرگىلا تايىنىپ، تەربىيەنى ئۇنتۇپ كېتىش.

ھىزبۇتتەھرىر جامائىتىنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقلىرىدىن يەنە بىرى، ئۇلارنىڭ پىكىرگىلا تايىنىپ ئىسلامىي شەخسلەرنى يېتىلدۈرۈپ چىقىدىغان تەربىيە ئىشىغا ئەھمىيەت بەرمەسلىكتۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ پىرىنسىپىدا: «جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلساق، شەخسلەر ئۆزلىكىدىن ئىسلاھ بولىدۇ»[2] دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھىزبۇتتەھرىرچىلەر ئىسلامىي تەربىيە ئۇسۇلىنىڭ تەتۈرىچە ئىش ئېلىپ بارغان. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىنقى ئىشى

[1] «ھىزبۇتتەھرىرنىڭ ئۆزگەرتىشتىكى پىروگراممىسى»ناملىق كىتاب 10 ـ 11 بەتلەر.

[2] «ھىزبۇتتەھرىرنىڭ چۈشەنچىلىرى» ناملىق كىتابنىڭ 56 ـ بېتىدىن.

شەخسلەرنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش بولغان. ئىسلامىي شەخسلەر مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن ئىسلامىي جەمئىيەتنى بەرپا قىلغان. ھىزبۇتتەھرىرنىڭ نوپۇزلۇق كىشىلىرىدىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىر كۈنى ئەللامە نەبھانىينىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۇنىڭدىن دەرسلىك پروگراممىسىغا «قۇرئان كەرىم» نى كىرگۈزۈش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىۋىدىم، ئۇ ماڭا: « ئى ئەمىن! سەن ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ ياشلىرىنى بۇزمەن دېمە، ماڭا دەرۋىش كېرەك ئەمەس» دېگەن» ئىدى.[1]



## يەتتىنچى، فىقھىي كۆزقاراشتىكى خاتالىقلار

ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ فىقھىي مەسىلىلەردىكى خاتالىقلىرىنىڭ بەزىسى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، غەيرى مۇسلىم بىر كىشىنىڭ ئىسلامىي دۆلەت پارلامېنت ئەزاسى بولسا بولىدىغانلىقى، شۇنىڭدەك ئىسلامىي دۆلەتنىڭ ھەربىي باش قوماندىنى كاپىر بولسىمۇ بولىدىغانلىقىنى دۇرۇس دەپ قارايدۇ. بۇ ئەللامە نەبھانىينىڭ 1970 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئېلان قىلغان «سوئال ۋە جاۋابلار» مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلىنغان.

[1] «ئىسلام دەۋىتىنىڭ زۆرۈرلىكى» ناملىق كىتابنىڭ ـ 102 بېتىدىن.

ئىككىنچى، يات ئاياللارغا دورۇس نىيەت بىلەن بولسۇن ياكى غەيرى دۇرۇس نىيەت بىلەن بولسۇن سۆيۈش ۋە يالىڭاچ رەسىملەرگە قاراشنىڭ جائىزلىقى ئۇقتۇرۇلغان. بۇ ئەللامە نەبھانىينىڭ 1970 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئېلان قىلغان «سوئال ۋە جاۋابلار» مەجمۇئەسىدە مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «يات ئايالنى شەھۋەت بىلەن سۆيۈش ھارام ئەمەس، مۇباھ. شۇڭا كىشىلەرگە شۇنى ئېلان قىلىمىزكى، سۆيۈشۈش پەقەت سۆيۈشۈش بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن مۇباھتۇر، ھارام ئەمەستۇر. چۈنكى بۇ ئىنساندىن سادىر بولۇپ تۇرىدىغان مېڭىش، تۇرۇش، كۆز قىسىش، بۇرۇننى مىدىرلىتىش، ئىككى لەۋنى بىرلەشتۈرۈش دېگەنلەرگە ئوخشاش ئادەتتىكى قىلىقلاردۇر. بۇ قىلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇباھتۇر. شۇنىڭدەك، يالىڭاچ سۈرەتلەرگە قاراشمۇ ھارام ئەمەس. بەلكى ئۇ مۇباھ ئىشلاردىن سانىلىدۇ. ئەمما دۆلەتنىڭ بۇنداق سۈرەتلەرنى چەكلەش ۋەزىپىسى بار. بىر ئەرنىڭ بىر ئايالنى مەيلى شەھۋەت بىلەن، مەيلى شەھۋەتسىز ھالدا رەستىدە سۆيۈشى جائىز. ئەمما دۆلەتنىڭ كىشىلەرنى رەستىدە مۇنداق قىلىشتىن چەكلەش ۋەزىپىسى بار».

ئۈچىنچى، مۇسۇلمان دۆلىتىنىڭ كاپىر دۆلەتكە جىزيە تۆلىشىنىڭ جائىزلىقى. ھىزبۇتتەھرىرنىڭ «ئىسلام دۇنياسىغا چاقىرىق» ناملىق ئەسىرىنىڭ 109 ـ بېتىدە مۇنداق دەپ كەلگەن: «ئىسلام دۆلىتىدە ياشايدىغان

كاپىرلارنىڭ ئىسلام دۆلىتىگە جىزيە تۆلەيدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق دەلىل كەلگەن بولسىمۇ، ئەگەر ۋەزىيەت تەقەززاسى بويىچە، ئىسلام دۆلىتى كاپىر دۆلەتكە جىزيە تۆلىسە بولىدۇ».

تۆتىنچى، كاپىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن، كاپىر قوماندانىنىڭ قوماندانلىقىدا بولسىمۇ ئۇرۇش قىلىشنىڭ پەرزلىكى. ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ «دوسىيە» ناملىق كىتابىنىڭ 62 ـ بېتىدە، جىھاد توغرۇلۇق ئۇزۇن بايانلاردىن كېيىن، مۇنداق دېيىلگەن: «ئەمدى بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال كېلىشى مۇمكىن، مۇسۇلمانلارغا قوماندان بولغان كاپىر، ئەگەر كاپىرلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ھازىرلانغان بولسا، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا بولامدۇ؟ جاۋاب بېرىپ دەيمىزكى، مۇنداق بىر ئۇرۇش مۇسۇلمانلارغا قارشى بولمىسا ياكى مۇسۇلمانلارنى ئالداش ئۈچۈن بولمىسا، ئاشۇ كاپىر قوماندانغا بويسۇنۇپ ئۇرۇش قىلىش پەرزدۇر. چۈنكى بۇ ۋاقىتتىكى ئۇرۇش كاپىرلارنىڭ كاپىرلارغا قارشى قىلغان ئۇرۇشىدۇر».

بەشىنچى، ئالەم بوشلۇقى ئۇچقۇچىلىرىدىن نامازنىڭ ساقىت بولۇشى. ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ «ئاسانلاشتۇرۇلغان ئېنسىكلوپېدىيە» ناملىق كىتابىنىڭ 139 ـ بېتىدە، «مۇسۇلمان ئالەم بوشلۇقى ئۇچقۇچىسىدىن ناماز ساقىت بولىدۇ» دەپ قەيت قىلىنغان.

ئالتىنچى، مۇسۇلمانلار ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان قاتناش ۋاستىلىرىغا چىقىشنىڭ ھاراملىقى. ئەللامە نەبھانىينىڭ 1970ـ يىلى ئېلان قىلغان «سوئال-جاۋابلار» مەجمۇئەسىنىڭ 1390ـ بېتىدە مۇنداق دەپ قەيت قىلىنغان: «مۇسۇلمانلار ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان قاتناش قوراللىرىغا چىقىش ھارامدۇر. ئەمما كاپىرلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغان قاتناش قوراللىرىغا چىقىش جائىزدۇر. مەسىلەن: مەككىدە ياشايدىغان بىر مۇسۇلمان مىسىرغا بارماقچى بولسا، ئۇنىڭ ئامېرىكىلىقلارنىڭ ياكى ياۋروپالىقلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى قاتناش قوراللىرىغا چىقىپ بارسا بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار بىلەن تۈزۈلگەن كېلىشىملەر دۇرۇس. ئەمما ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار ئىگىدارچىلىقىدىكى بىرەر شىركەتنىڭ قاتناش قوراللىرىغا چىقىشى جائىز ئەمەس، ھارام. چۈنكى مۇنداق شىركەتلەر ئۆز ئالدىغا ئىش قىلالمايدۇ. شۇڭا ئۇلار بىلەن تۈزۈلگەن كېلىشىممۇ دۇرۇس ئەمەس ۋە ئۇلارنىڭ بىلىتىدىن پايدىلىنىشقا بولمايدۇ».

يەتتىنچى، شىمالى ۋە جەنۇبى قۇتۇپتا ياشايدىغانلاردىن ناماز بىلەن روزىنىڭ ساقىت بولىدىغانلىقى. ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ «ئاسانلاشتۇرۇلغان ئېنسىكلوپېدىيە» ناملىق كىتابىنىڭ 139ـ بېتىدە مۇشۇنداق دەپ پەتىۋا بېرىلگەن.

سەككىزىنچى، ئەمر-مەرۇپ، ۋەز - نەسىھەت قىلىشتىن بىھاجەت بولۇش.

ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ نەزىرىدە، بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولغانلارنىڭ كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا چاقىرىپ، يامان ئىشلاردىن توسۇپ، ۋەز-نەسىھەتتەبولىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئىسلام خەلىپىلىكىنى تىكلەش. ئۇلار بۇ سەپسەتىسىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككە دەۋرىدىكى دەۋىتىنى خاتا تەۋىل قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى چاغلىرىدا، مەككە بۇزۇقچىلىققا توشۇپ كەتكەن، ھاراق-شاراپلار ئىچىلىۋاتقان، بۇتلاغا چوقۇنۇلىۋاتقان تۇرسىمۇ، بۇ ئىشلارنى يوق قىلىمەن دېمەستىن، پەقەت پىكرىي جەھەتتىن خىزمەت ئىشلىگەن. شۇڭا ھىزبۇتتەھرىر مەنسۇپلىرىنىڭ باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشتۇر».[1]

«ھىزبۇتتەھرىرنىڭ چۈشەنچىلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 49- بېتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:«نامازمۇ بىر تۈرلۈك تەپەككۇردۇر، ئۇنى ئورۇنداشنىڭ يولى دۆلەت قۇرۇشتۇر. كىشىلەرنىڭ نامازنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن دۆلەتنىڭ تەلىم-

[1] ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ «ھىزبۇتتەھرىرنىڭ چۈشەنچىلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 75 - ۋە 77 - بەتلىرىگە قاراڭ.

تەربىيەنى كۈچەيتىشنى كۆپايە قىلمايدۇ، بەلكى ناماز ئوقۇمىغانلارنى تۈرمىلەرگە تاشلاش كېرەك. شۇنىڭدەك، كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشمۇ بىر پىكىردۇر. ئۇنى ئورۇنداشنىڭ يولى يەنە دۆلەتتۇر».

«ھىزبۇتتەھرىرنىڭ ئۆزگەرتىش مېتودى» ناملىق كىتابىنىڭ 21-بېتىدە مۇنداق دەپ كەلگەن: «ئەمر - مەرۇپ، ۋەز-نەسىھەت ئىسلام خەلىپىلىكىنى تىكلەشنىڭ ۋە ئىسلامنى قايتىدىن قەد كۆتۈرگۈزۈشنىڭ يولى ئەمەس».

## توققۇزىنچى، ئىسلام پەرزلىرىنى تەرك ئېتىش

ھىزبۇتتەھرىرچىلەر كىشىلەرنى ناماز ئوقۇشقا، روزا تۇتۇشقا ۋە باشقا پەرزلەرنى ئادا قىلىشقا دەۋەت قىلىشنىڭ زۆرۈر ئەمەسلىكىنى، بۇ ئىشنىڭ دۆلەتنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ. ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ «ھىزبۇتتەھرىرنىڭ چۈشەنچىلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 62 - ۋە 65- بەتلىرىدە يېزىلغان سۆزلەرنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: «ئىسلام ئۈممىتىدىن بولغان بىر قەۋمنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن دەۋەت بىلەن ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن دەۋەتنىڭ پەرقى شۇكى، ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن دەۋەت دەۋەتنىڭ ئەمەلىي تەرىپىنى، ئىسلامىي جامائەتنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن دەۋەت دەۋەتنىڭ پىكرىي تەرىپىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىسلام دۆلىتى ئىسلامنى دۆلەت ئىچىدە تەتبىق قىلىدۇ.

ئەمما ئىسلامىي جامائەت پىكرىي دەۋەتتىن باشقا ئەمەلىي ئىش قىلمايدۇ. شۇڭا ھىزبۇتتەھرىرنىڭ ئىلمىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشىمۇ كېرەك ئەمەس».

يەنە ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ «ئۆزگەرتىش مېتودى» ناملىق كىتابىنىڭ 28 ـ ۋە 31 ـ بەتلىرىدە يېزىلغان سۆزلەرنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: «ھىزبۇتتەھرىرنىڭ ئىشىنىڭ ھەممىسى سىياسىي ئىشتۇر، بۇ تەشكىلاتنىڭ تەلىم ـ تەربىيە بىلەن ياكى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن شۇغۇللىنىشى دۇرۇس ئەمەس، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى سىياسىيدۇر».



ئونىنچى، ئەخلاقنى ئەھمىيەتسىز ساناش

ھىزبۇتتەھرىرچىلەر كىشىلەرنى گۈزەل ئەخلاقلارغا چاقىرىش، مۇسۇلمانلارنىڭ تەلىم ـ تەربىيە سەۋىيەسىنى كۆتۈرۈش دېگەنلەرگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ «ھىزبۇتتەھرىرنىڭ چۈشەنچىلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 67 ـ بېتىدە مۇنداق دەپ كەلگەن: «ئىسلام دەۋىتىنى ئۈستىگە ئالغان بۇ جامائەتنىڭ سىياسىي جامائەت بولىشى لازىم. ئۇلارنىڭ روھانىي ياكى ئەخلاقىي ياكى ئەمەلىي ياكى تەربىيەچى بولۇشى جائىز ئەمەس. ئۇلارغا ئوخشاپمۇ قالماسلىقى لازىم. چۈنكى بۇ جامائەتنىڭ ئىشى سىياسەتتۇر. شۇڭا ھىزبۇتتەھرىر سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سىياسىي تەشكىلاتتۇر».

ھىزبۇتتەھرىرنىڭ قۇرغۇچىسى ئەللامە نەبھانىي

«ئىسلامنىڭ نىزامى» ناملىق كىتابىنىڭ 114 ـ ۋە 115 ـ بەتلىرىدە يېزىلغان سۆزلىرىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: «ئەخلاقنىڭ بىرەر جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇشىدا ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقتۇر. ئەخلاق بىلەن بىرەر جەمئىيەت يۈكسەلمەيدۇ ۋە چۈشكۈنلەشمەيدۇ. بەلكى جەمئىيەتكە تەسىر قىلىدىغان نەرسە ھايات مۇساپىسىدە ھاسىل بولغان ئۆرپ-ئادەتلەردۇر». نەبھانىي يەنە مۇنداق دېگەن: «ئەخلاق جەمئىيەتكە كېرەك بولغان بىر نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ شەخسلەرگە كېرەك. چۈنكى جەمئىيەت ئەخلاق بىلەن ئىسلاھ قىلىنمايدۇ. بەلكى ئىسلامىي پىكىر بىلەن ئىسلاھ قىلىنىدۇ».[1]



ھىزبۇتتەھرىرچىلەر بۇ مەسىلىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم»[2] دېگەن ھەدىسىنى ئۇنۇتقان ۋە مىسىرلىق شائىر ئەھمەد شەۋقىينىڭ:

إنما الأمم الأخلاق مابقيت فإن هم ذهبت أخلاقهم ذهبوا

ئەخلاق بىلەن ھەر مىللەت راۋاجلىنىپ دەۋام ئېتەر
ئايرىلغانلار ئۇنىڭدىن زاۋاللىققا ھامان كېتەر.

[1] نەبھانىينىڭ «ئىسلامنىڭ نىزامى» ناملىق كىتابىنىڭ 80 ـ ۋە 113 ـ بەتلىرىدىن.

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

دېگەن شېئىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىپ كۆرمىگەن.

## ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ غايىگە يېتىش باسقۇچلىرى

ھىزبۇتتەھرىرچىلەر ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا «پىكىر توقۇنۇشى»، «پىكىر ئىنقىلابى» ۋە «خەلىپىلىكنى تىكلەش» قاتارلىق ئۈچ باسقۇچلۇق لېنىيە بويىچە ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار بىرىنچى باسقۇچتا ھىزبۇتتەھرىرنىڭ پىكرىي قاراشلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچتا ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ پىكىر قاراشلىرىغا قارشى پىكىرلەرگە رەددىيە بېرىدۇ. ئۈچىنچى باسقۇچتا ھىزبۇتتەھرىرنىڭ پىكىر قاراشلىرى غەلىبە قىلىپ، ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلىدۇ. ئۇلار ئۈچىنچى باسقۇچقا كەلگەندە، ئىسلام ھاكىمىيىتىنى تىكلەش ئۈچۈن دۆلەت رەئىسى، سىياسىي پارتىيە، جامائەت ئەربابى، قەبىلە باشلىقى، ھەتتا كونسۇللاردىكى باش ئەلچى قاتارلىق شەخسلەر بىلەن مۇناسىۋەت قۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش مۇھىم دەپ قارايدۇ.

## ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ غايىگە يېتىش مۇددىتى

ھىزبۇتتەھرىرچىلەر ئىسلام خەلىپىلىكىنى قۇرۇپ چىقىش

ئۇچۇن دەسلەپتە، 13 يىل پىلانلىغان. بۇ دەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدە ئىسلامغا دەۋەت قىلغان دەۋەت مۇددىتى ئىدى. يەنى ئۇلار دەسلەپتە بۇ تەشكىلاتنى قۇرغان ۋاقتتىن باشلاپ، 13 يىلنى ئىسلام ھاكىمىيتىنى قۇرۇپ بولۇش ۋاقتى دەپ بەلگىلىگەن. كېيىن، يەنە 13 يىل ئىلاۋە قىلغان. كېيىنچە 30 يىل دەپ كۆرسەتكەن. يەنى 30 يىلدىن كېيىن چوقۇم ئىسلام خەلىپىلىكىنى قۇرۇپ بولىمىز دەپ قارارلاشتۇرغان.



مانا ھازىرئۇلار تەشكىللەنگىلى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، تېخىچە ئۇلاردا ئىلگىرلەش ئەمەس چېكىنىش يۈز بېرىۋاتىدۇ. ھەتتا پۈتۈن دۇنيادا ئەگۈشكۈچىلىرى تۆگەپ كېتىش گىرداۋىغا بېرىپ قالدى.

**خۇلاسە سۆزىمىز**

ھىزبۇتتەھرىرچىلەر ئىسلام دۇنياسىغا پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ يەتكەن سىياسىي بىر جامائەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ غەلبە قىلالماسلىقىدىكى تۈپكى سەۋەبلەرنى تۆۋەندىكىچە خۇلاسلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى: ئۇلار تەلىم ـتەربىيە ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقنى ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ ئىدىلوگىيىسىنى كۈچەپ تەرغىپ قىلغان. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى ئىشى كىشىلەرنى ئىمان ۋە ئەخلاق جەھەتتىن

تەربىيىلەش بولغان.

ئىككىنچى، ئۇلار شەرىئەتنى ئەقىلگە بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنغان. ھالبۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ئەقىلنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇش ۋە ھەقىقەتنى ئاۋۋال ۋەھيىگە ئاندىن ئەقىلگە تاياندۇرۇشنى چىقىش قىلاتتى.

ئۈچىنچى، ئۇلار باشقىلارنىڭ كۆچىگە تايىنىشقا كۆپرەك ئەھمىيەت كۆرسىتەتتى. مەسىلەن: ھاكىمىيەتنى تىكلەش ئۈچۈن دۆلەت باشلىقلىرى، قەبىلە رەئىسلىرى ۋە جامائەت ئەربابلىرىغا تايىنىشنى غەلىبىگە ئېرىشىشنىڭ ئاساسلىق ئاملى دەپ بىلەتتى.

تۆتىنچى، ئۇلار ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشقا سەل قارايتتى. ئۇلارچە بولغاندە، بۇ ۋەزىپە دۆلەتنىڭ مەسئۇلىيىتى ئىدى. ھالبۇكى، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش مەسىلىسى پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئالدىنقى ۋەزىپىسى ئىكەنلىكىنى ئۇلار بىلمەيتتى.

بەشىنچى، ئۇلار شەرىئەت بەلگىلىملىرىنى خالىغانچە بۇرمىلايتتى. ئۇلارچە بولغاندا يات ئەر-ئاياللارنىڭ بىر - بىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىشى، ھەتتا سۆيۈشىشى ۋە بىر - بىرىگە تىكىلىپ قاراشلىرى نورمال ئىجتىمائىي ئەھۋال. ھالبۇكى بۇ تۈر قىلمىشلار ئىسلام

شەرىئەتتە قەتئىي چەكلەنگەن ئىشلاردىندۇر.

ئالتىنچى، ھىزبۇتتەھرىرچىلەرنىڭ ئىسلام خىلاپىتىنى تىكلەش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان باسقۇچلۇق سان - سىپىرلارمۇ سۈننەتكە ۋە رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان خىيالىي بەلگىلىمىلەردۇر.

يەتتىنچى، ھىزبۇتتەھرىرچىلەر ئىسلام خەلىپىلىكىنى تىكلەشتە ۋاستا تاللاپ ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى ئىسلام شەرىئىتىدە بۇنىڭ نۇرغۇن شەرتلىرى ۋە قائىدە - پىرىنسىپلىرى بار. چۈنكى دۆلەت ئادەم بىلەن بەرپا بولىدۇ. ھالبۇكى، ياخشى ئادەم، ياخشى ئائىلە ۋە ياخشى جەمئىيەت بەرپا قىلماي تۇرۇپ، ئىسلامىي دۆلەتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئەگەر بۇنداق بولمىغاندا،زامانىمىزدىكى ئىنسانلاردەك شەرىئەت كېلىدۇ دېسە، ھەممە ئادەم قورقۇپ كېتىدىغان قاتمال ۋەزىيەتتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ئىنسانلار ئىسلام دۆلىتىنى ئاۋۋال قەلبىدە، ئەمەلىيىتىدە ۋە ئائىلىسىدە قۇرماستىن، ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلدى دېگەن تەقدىردىمۇ، ھازىرقى بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىدىكىگە ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ دۆلەتنىڭ جازاسىدىن قورقۇپ ئەمەل قىلىدىغان، ئۆز رىغبىتى بىلەن ياخشى ئىش قىلمايدىغان، گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى كېچىسى قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

# قۇرئانچىلار ۋە ئۇلارنىڭ سەپسەتىلىرى

## قۇرئانچىلار ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى

زامانىمىزدا خەلق ئېغىزىدا «قۇرئانچىلار»، «ھەدىس ئىنكارچىلىرى» دېگەن ھەرخىل ئىسىملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن بىر تۈركۈم كىشىلەر بار.ئۇلار خۇراپاتقا قارشى تۇرۇپ، كىشىلەرنى «قۇرئان كەرىم» گە قايتۇرۇش دېگەندەك چىرايلىق سۆزلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار توپىنى پارچىلاپ كەلمەكتە. بۇ سەۋەپلىك نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز ئەقىدىسىدىن شەكلىنىدىغان، ئىسلام ئۆلىمالىرىغا ئىشەنچ قىلالمايدىغان، ئۇلاردىن ئۆگىنىشنى خالىمايدىغان ۋە بۇرۇنقى ئۈلگىلىك ئالىملارغا تىل تەككۈزىدىغان ئەھۋالغا كېلىپ قالغان. دىن نامى بىلەن بۇنداق ئاتالمىش شۇئارلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، ئەمەلىيەتتە دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ئۇزۇن تارىختىن بېرى ئىنسانلارنى دىندىن يىراقلاشتۇرۇش، دىنىنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش ۋە ئۇلارنى يېتەكچى دىني ئۆلىمالىرىدىن يېتىم قالدۇرۇش پىلانىنىڭ بىر پارچىسى بولسا كېرەك

قۇرئانچىلار – قۇرئانغا ئەمەل قىلساق، ھەدىسكە ئېھتىياجىمىز يوق، دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ پىكرى بويىچە، ھەدىسنى ئىنكار قىلىپ، «قۇرئان كەرىم»نى ئۆز رەئيى ۋە خاھىشى بويىچە تەۋىل ۋە تەپسىر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك تەپسىرى ۋە بايانى بولغان ھەدىستىن ئۇزاقلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ مۇقەددەس دەستۇرىمىز ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە تەپسىر ۋە تەۋىل قىلىشقا بولىدىغان، مۇداپىيەسىز كىتاب ھالىغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنىڭ خەتىرىنى ھەربىر مۇسۇلمان كىشى ئويلاپ كۆرسە بولىدۇ.

تارىخچىلار قۇرئانچىلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردىكى خاۋارىجلارغا باغلايدۇ. چۈنكى ئۇلار زىناخورلانى جازالاش ۋە ئاياغقا مەسھى قىلىش ھەققىدە كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەرنى قوبۇل قىلمايتتى. ئۇلار: «قۇرئان بىزگە يېتىدۇ» دېگەن شۇئارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ھەدىسنىڭ ئىسلام قانۇنىدىكى رولىنى ئىنكار قىلاتتى. كېيىنچە ئۇلارنىڭ بۇ دەۋاسى ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائە ئۆلىمالىرىنىڭ كۈچلۈك رەددىيەسى ئالدىدا پۈت تىرەپ تۇرالماي، تەدرىجى ئىز دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن. كېيىن بۇ ئىدىيە يەنە (مىلادىيە 13 – ئەسىردە) ئىراقتا قايتا باش كۆتۈرۈپ چىققان بولسىمۇ، تېزلا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان.

19_ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ پىلانى بويىچە،ھىندىستاندا سەر سەييىد ئەھمەد ۋە مەۋلىۋى چىراغ ئەلى باشچىلىقىدا «ھەدىس ئىنكارچى»لىق پىكرى يەنە باش كۆتۈرۈپ، ئەللىكىنچى يىللىرىغا كەلگەندە پاكىستاندا، ئەسلەم جىراجپۇرى ۋە چودىرى غولام پەرۋىز دېگەن كىشىلەر تەرىپىدىن تېخىمۇ ئەج ئالغان. ئەرەب ئەللىرىدە بولسا، بۇ ئىدىيەنىڭ قوللىغۇچىلىرىدىن مۇھەممەد تەۋفىق سىددىقىي، مۇھەممەد ئىسئاق ئەننەشا قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنى بۆلۈپ باشقۇرۇش سىياسىتىگە خىزمەت قىلىدىغان ۋە بۇلارنىڭ پىلانى بويىچە ئوتتۇرىغا چىققان شەخسلەر ئىدى. ئەمما ئەھلى سۈننەۋەلجامائە ئۆلىمالىرى ئۇلارنىڭ مەزكۇر ئازغۇن ئەقىدىسىنىڭ كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئىچىدە بازار تېپىشىغا قەتئىي يول قويمىغان، ھەمدە نۇرغۇن ئىلمىي ئاساسقا ئىگە كىتاپ ۋە ئەسەرلەر ئارقىلىق ئۇلارنىشەرمەندىلەرچە مەغلۇپ قىلغان.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، بۇ ئازغۇنلار پىرقىسى يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئاشكارا مەيدانغا چىقالماي، مەخپىي ھالدا ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، دىنىي سەۋىيىسى بىرقەدەر ئاجىز دۆلەتلەردە يىلتىز تارتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا. ئۇلارنىڭ ھازىرقى ھەرىكەت پىلانى ئىلگىرىكىدەك

ھەدىسنى ئاشكارا ئىنكار قىلىشنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇلار ھەدىسنى ئېتىراپ قىلىدىغان قىياپەتكە كىرىۋالغان. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلار ئىسلامنىڭ ئەھكام (قانۇن) قىسمىغىلا ھۇجۇم قىلماقتا، ئاللىبۇرۇن ھەل بولۇپ، بەلگىلىنىپ بولغان بىر قىسىم ئەھكام مەسىلىلەردىن قوزغاپ ئۈزىدا قوزغاپ... 

قۇسۇر تېپىپ، قايتا ئىجتىھاد قىلىشنىڭ ھېچبىر زۆرۈرىيىتى بولمىغان مەسىلىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىتنە - ئىغۋا تېرىش كويىدا بولۇپ كەلمەكتە. بىزنىڭ ئىچىمىزدىمۇ بۇ خىل ئازغۇن ئىدىيەنى ئۆزلىرىنىڭ تاپاۋەت كوزىرى بىلىپ، پەش قىلىۋاتقان بىر قىسىم كىملىكسىز شەخسلەرمۇ يوق ئەمەس. ئاللاھ ھەممىمىزگە ئەقلىپاراسەت بېرىپ، ھىدايەت ئاتا قىلسۇن، ئامىن!

قۇرئانچىلارنىڭ يىگىرمە بىرىنچى ئەسىردىكى نامايەندىلىرى مىسىردا ئەھمەد سۇبھى مەنسۇر، تۈركىيەدە ئابدۇلئەزىز بايىندىر ۋە ئۇنىڭ سېپىدىكىلەردۇر.

### ھەدىس ئىسلام قانۇنىنىڭ ئىككىنچى چوڭ مەنبەسىدۇر

ھەدىس (ياكى سۈننەت) ئىسلام دىنىنىڭ «قۇرئان كەرىم»دىن كېيىنكى ئەڭ ئاساسلىق قانۇن مەنبەسى ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەپسىرلىك بايانىدۇر. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەھكام مەسىلىلىرىنى شەرھلەيدىغان ۋە

بايان قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بىردىنبىر مەنبە سۈننەتتۇر. ئالايلۇق: «قۇرئان كەرىم» دە ناماز پەرز قىلىنغان ئايەتلەر زىكىر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كەيپىيىتى يەنى قانداق ئوقۇلۇشى تەپسىلى بايان قىلىنمىغان. ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھىي ئارقىلىق ئۆز ئەمىلىيىتى بىلەن تەلىم بېرىپ مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ قانداق ناماز ئوقۇغانلىقىمنى كۆرگەن بولساڭلار شۇنداق ناماز ئوقۇڭلار»[1]، «ھەج پائالىيەتلىرىڭلارنى مەندىن ئېلىڭلار»[2].

«بىز قۇرئانچىلارمىز»، «بىز پەقەت قۇرئانغىلا تايىنىمىز»، «قۇرئان ئۆزىلا كۇپايە قىلىدۇ» دېگەنگە ئوخشىغان، ئاڭلىنىشى چىرايلىق، ئەمما باتىل مەقسەت قىلىنغان شوئارلارنى توۋلاپ يۈرگۈچىلەر،بىلىپ ـ بىلمەي ئىسلام دىنىغا زىيانكەشلىك قىلىشتىن باشقىنى ئويلىمىسا كېرەك. بۇنداق سۆزلەر كۆرۈنۈشتە «باتىل مەقسەت قىلىنغان ھەق سۆز»دۇر. ئەمەلىيەتتە «بىز قۇرئانچى» دېگەن سۆز ـ ھەق سۆز. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى قۇرئانچى دەپ بىلىدۇ، قۇرئاننى سۆيىدۇ ۋە ئۇلۇغلايدۇ. ئەمما بۇ سۆزنى كوزىر قىلىپ تۇرۇپ، ئىسلام قانۇنىنى بەلگىلەشتە «قۇرئان كەرىم» دىن قالسا، ئاساسلىق بولغان ھەدىس، ئىجما ۋە

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

قىياسلارنى ئىنكار قىلماقچى بولغانلارنىڭ نىيىتى توغرا ئەمەس. ئۇلار بۇ چىرايلىق سۆزى ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئەمەس، باتىلنى مەقسەت قىلىدۇ. نېمىشقا دېگەندە، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقىقىي تەرجىمانى ۋە ئۇنىڭ مەقسىتىنى ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ مۇناسىپ رەۋىشتە شەرھلەپ بېرىدىغان بىردىنبىر مەنبە بولغان ھەدىسنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرىۋەتكەندىن كېيىن، قۇرئاننى ئۆز خاھىشلىرىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ خالىغانچە تەۋىل ۋە تەپسىر قىلىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى پۇچەكلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت يامان نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر! شۇڭا ھەدىسنى قوبۇل قىلمايدىغانلارنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى دۇرۇس مۇسۇلمانلىق دېگىلى بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا بۇ تۈردىكى شەخسلەرنىڭ چىقىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: «بىر زامانلار كېلىدۇكى، ئۇ زامانلاردا مېنىڭ ھەدىسلىرىم ئوقۇلسا، بەزى كىشىلەر ساپاغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ: «ئارىمىزدا ئاللاھنىڭ كىتابى «قۇرئان كەرىم» بار، ئۇنىڭدا ھالال دېگەنلەرنى ھالال، ھارام دېگەنلەرنى ھارام دەپ بىلسەك بىزگە يېتىدۇ» دەيدۇ. شۇنى ئېنىق بىلىشىڭلار كېرەككى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغان ئىشلارمۇ، ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلاردۇر»[1].

[1] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

قۇرئانغىلا ئەمەل قىلىپ، ھەدىستىن بىھاجەت بولىمىز دېگەن دەۋا بىلەن ئۆزلىرىنى «قۇرئانچى» دەپ ئاتىۋالغانلار،ئەمەلىيەتتە قۇرئانچىلار ئەمەس. چۈنكى «قۇرئان كەرىم» پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە ئۇنىڭ ھەدىسلىرىگە ئەگىشىشنى پەرز قىلغان. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېگەن: ﴿مَّن يُطِعِ ٱلرَّسُولَ فَقَدۡ أَطَاعَ ٱللَّهَۖ وَمَن تَوَلَّىٰ فَمَآ أَرۡسَلۡنَٰكَ عَلَيۡهِمۡ حَفِيظٗا﴾ ﴿كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ . كىمكى (ئىتائەتتىن) باش تارتىدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق﴾[1]. شۇنىڭدەك، «قۇرئان كەرىم» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى چىڭ تۇتۇشقا بۇيرۇغان ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقۇچىلارنىڭ ئىمانىنى يوق سانىغان. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤۡمِنُونَ حَتَّىٰ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيۡنَهُمۡ ثُمَّ لَا يَجِدُواْ فِيٓ أَنفُسِهِمۡ حَرَجٗا مِّمَّا قَضَيۡتَ وَيُسَلِّمُواْ تَسۡلِيمٗا﴾ ﴿(ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاش توغرىسىدا ساڭا ھۆكۈم چىقارغۇزمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمۈڭگە دىللىرىدا قىلچە غۇم قالماستىن رازى بولۇپ، ساڭا پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان

[1] نىسا سۈرىسى: 80- ئايەت .

بولمايدۇ﴾[1].

## ئىسلام ئۈممىتىنىڭ «قۇرئان كەرىم» نى چۈشىنىشتە ھەدىسكە بولغان ئېھتىياجى

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ: ﴿وَأَنزَلْنَا إِلَيْكَ ٱلذِّكْرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيْهِمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ﴾ ﴿بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەنلەرنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار تەپەككۇر قىلسۇن دەپ چۈشۈردۇق﴾[2] دېگەن. ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرى قۇرئان ۋە ھەدىس بىلەن بەرپا بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» نى چۈشىنىشتە ھەدىسكە بولغان ئېھتىياجى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ۋە بولمىسا بولمايدىغان زۆرۈرىيەت قاتارىدىندۇر. ئىسلام ئۆلىمالىرى ساھابىلەرنىڭ زامانىدىن باشلاپ، تا ھازىرغىچە بۇ ئىككىسىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق قانۇن مەنبەسى قىلىپ كەلگەن. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىگە: «مەن سىلەرگە ئىككى نەرسىنى قالدۇرۇپ كەتتىم، مەندىن كېيىن، سىلەر شۇ ئىككى نەرسىنى چىڭ تۇتساڭلار ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيسىلەر. بىرى

---

[1] نىسا سۈرىسى: 65 ـ ئايەت.

[2] نەھل سۈرىسى:44 ـ ئايەت.

«قۇرئان كەرىم»، يەنە بىرى مېنىڭ سۈننىتىمدۇر»[1] دېگەن تەۋسىيەدە بولغان.

ھەدىس «قۇرئان كەرىم» دىكى ئەھكام ئايەتلىرىنى تەپسىلى چۈشۈنۈشتە ئاساسلىق مەنبەدۇر. جانابى ئاللاھ تائالا بىزنى «قۇرئان كەرىم»دە ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە بۇيرۇغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەپسىلاتى ئېنىق بايان قىلىنمىغان. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بايان قىلىپ بېرىشىگە تاپشۇرغان. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ناماز ئوقۇشنىڭ قائىدىلىرىنى، زاكاتنىڭ مىقدارىنى، ھەج ئىبادىتىنىڭ تەرىپىلىرىنى سۆزى ۋە ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن بايان قىلىپ ئۆگەتكەن. شۇنىڭدەك، نۇرغۇن ئەھكام مەسىلىلىرى ھەدىس بىلەن بەلگىلەنگەن. ئەگەر ھەدىس بولمىسا ئىدى، بىز ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشنى ۋە ئاللاھنىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەققىنى ئادا قىلىشنى بىلەلمىگەن بولاتتۇق.

## ھەدىسنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ھۆكمى

ئىبنى ھەزم[2] «ئەل ئىھكام فى ئەل ئەھكام» ناملىق

[1] ھاكىم رىۋايىتى.

[2] ئىبنى ھەزم (384ھ ـ 994م) ئەندۇلۇس (ھازىرقى ئىسپانىيە)دە دۇنياغا كەلگەن، زاھىرى مەزھىبىنىڭ پېشۋاسى، فىقھ، ھەدىس، ئەدەبىيات، شېئىرىيەت ۋە پەلسەپە ئىلىملىرىدە ئەتراپلىق يېتىشكەن، ئىمام تەبەرىيدىن قالسا ئەڭ كۆپ كىتاپ يازغان، چوڭ ھەجىملىك 12 پارچە كىتابىنىڭ ئاپتورى، ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن

ئەسىرىدە: «كىمكى بىزگە قۇرئان يېتىدۇ، پەقەت قۇرئاندىكىلەرنى ئالىمىز، - دەيدىكەن. مۇنداق ئادەم ئوموُمى ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ بىردەك قارىشى بىلەن كاپىر بولىدۇ» دېگەن. ئاجۇرى[1] ئۆزىنىڭ «شەرىئەت» ناملىق ئەسىرىنىڭ 1- توم 412- بېتىدە مۇنداق دېگەن: «بىز ‹قۇرئان كەرىم› دىكى ئەھكام ئايەتلىرىنىڭ ھۆكمىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بىلەن بىلمىسەك، پەرزمۇ، ۋاجىپمۇ، مۇباھمۇ بۇنى ئېنىق پەرقلەندۈرەلمىگەن بولاتتۇق. بۇ ئوموُمى ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ بىردەك قارىشى، بۇنىڭدىن باشقىسىنى دەۋا قىلغان ئادەمنىڭ مۇسۇلمانلىق سۈپىتى قالمايدۇ، يەنى كاپىرلارنىڭ قاتارىغا كىرىپ قالىدۇ».

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق مۇپتىسى مەرھۇم ئىبنى باز مۇنداق دېگەن: «سۈننەتكە ھاجىتىمىز يوق دېگۈچىلەر شەكسىز كاپىرلاردۇر. چۈنكى سۈننەتكە ئىنكار قىلغانلىق قۇرئاننى ئىنكار قىلغانلىقتۇر، قۇرئان

---

بىرى، تەقلىدچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ئەركىن پىكىر قىلىش ۋە «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىسنىڭ روھىغا ئىزچىل ئەگىشىش پىكرىنى جانلاندۇرغان، زالىم پادىشاھلارنىڭ مال - دۇنيا بېرىپ ئۆزلىرىگە تارتىشىغا كەلمىگەن، ئاتاقلىق ئالىم. ھىجرىيە 456 - يىلى شەبان ئايىنىڭ 28 - كۈنى (مىلادىيە 1064 -يىلى 15 - ئىيۇل) كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن.

[1] ئاجۇرى - ئەبۇبەكرى مۇھەممەد ئىبنى ھۈسەين ئابدۇللا ئاجۇرى 280 ھ باغدادتا دۇنياغا كەلگەن، ھەدىس ۋە فىقھى ئىلىملىرىدە ئالاھىدە يېتىلگەن ئالىم، 10 پارچىغا يېقىن چوڭ ھەجىملىك كىتاب يازغان، 360 - يىلى مەككە مۇكەررەمە شەھرىدە ۋاپات بولغان.

بىلەن سۈننەتتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئاساسى قانۇننىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلغان ئادەم پۈتۈن ئۆلىمالارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن كاپىر بولىدۇ»[1].

## ھەدىسلەرگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ دېگەن سەپسەتىگە رەددىيە

قۇرئانچىلارنىڭ «ھەدىسلەر ئارىسىدا يالغان ھەدىسلەرمۇ ئورۇن ئالغانلىقى ئۈچۈن، ھەدىسكە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەن سۆزى ئىسلام ئۆلىمالىرى، خۇسۇسەن ھەدىسشۇناس ئالىملار تەرىپىدىن كەسكىن رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ئورۇنلۇق سۆز ئەمەس. ئىسلام ئۆلىمالىرى ھەدىسلەر ئىچىدىن راست ھەدىسلەرنى تاللاپ چىقىرىش ئىشىغا پەۋقۇلئادە كۆڭۈل بۆلگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە نۇرغۇن كىتابلار يېزىش ئارقىلىق يالغان ۋە ئويدۇرما ھەدىسلەرنى سۈزۈپ چىققان.

بۇرۇندىن تارتىپ ھەدىس ئىلمىدە يېتىشكەن مۇھەددىس(ھەدىسشۇناس) ئالىملار يالغان ۋە توقۇلما ھەدىسلەرنى ئايرىپ چىقىشتا ساھابى كىراملار دەۋرىدىن تا زامانىمىزغىچە ئۈنتۈلماس تۆھپىلەرنى ياراتقان. دۇنيا تارىخىدا مۇھەددىس ئالىملارنىڭ ھەدىسلەرنى تەتقىق قىلىشتا قوللانغان مېتود ۋە پىرىنسىپلىرىنى ھېچقانداق

---

[1] «پەتىۋالار مەجمۇئەسى» 2 ـ توم 403 ـ بەت .

بىر مىللەت، ھېچقانداق بىر ئىلىم ساھەسىدە قوللانغان ئەمەس. دۇنيادا ھېچقانداق بىر دىننىڭ مەنبەسى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىستەك ئۆز ئەسلىيىتىنى ساقلاپ قالغان ئەمەس. ھەدىس ئالىملىرىنىڭ بۇ ساھەدە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى ۋە تارتقان جاپاسىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

ئەينى چاغدا قاتناش ۋاستىلىرى ۋە ئۇچۇر - ئالاقە تۈرلىرى زامانىمىزدىكىدەك تەرەققىي قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما پۈتۈن ئۆمرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ساغلام قانالدىن توپلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان نۇرغۇن ئىلىم ئاشىقى، پىداكار ھەدىسشۇناس ئالىملار ئۆتكەن. مۇھەددىس ئالىملارنىڭ پېشۋاسى ئىمام بۇخارىنىڭ مەككە-مەدىنە شەھەرلىرىدە ئون ئالتە يىل تۇرۇپ، ھەدىس توپلىغانلىقى بۇنىڭ روشەن دەلىلى.

مۇھەددىس ئالىملار بىرەر ھەدىسنى قوبۇل قىلىشتا، شۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى زەنجىرسىمان باغلىنىش ياكى رىۋايەت قىلغۇچىلاردىن بىرەرسىنىڭ راستچىللىقىدا ياكى تەقۋالىقىدا ئازراق شەك كۆرۈلگەن ھامان ئۇ ھەدىسنى رەت قىلىپ كەلگەن. ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ھەدىسنى ياكى قانداقلا بىر خەۋەرنى ئىنىقلاشتىكى ۋايىغا يەتكەن ئېھتىياتچانلىقىغا ۋە

ئىنتايىن ھوشيارلىقىغا ئىسلام دىنىغا دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدىغان باشقا دىنىنىڭ ئالىملىرىمۇ قايىل بولۇپ كەلمەكتە.

# مەزھەپ ئىنكارچىلىرى

ئىسلام دۇنياسىدا، بولۇپمۇ تۈركىيەدەك پىكىر ئەركىنلىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان دۆلەتلەردە ھەركىم ھەر خىل پىكىر- قاراشلىرىنى ئەركىن ئوتتۇرىغا قويالايدۇ. شۇڭا دىن دۈشمەنلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆز مۇددىئاسىنى نۇقتىلىق ھالدا تۈركىيەدە ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە. يەنەبىر قىسىم كىشىلەر بىلىپ - بىلمەي ئۇلارنىڭ دىپىغا ئۇسسۇل ئويناپ، ھەر خىل ئازغۇن ئىدىيەلەرنى بازارغا سالماقتا. گەرچە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دىنغا زىيان يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلمىسىمۇ، تۇلىسىنىڭ دىنى ساۋادى يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بىلىپ- بىلمەي، تور دۇنياسىدا، تىلى ياكى يازما ئەسەرلىرى بىلەن دىنىنىڭ ئالىبۇرۇن مۇسۇلمانلاردا ئومۇملىشىپ بولغان بىر قىسىم سابىت مەسىلىلىرى ئۈستىدە بىر نەرسىلەرنى دەپ قويۇپ، كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسى ئىچىدە تالاش تارتىشقا سەۋەب بولماقتا ۋە بۇرۇنقى ئىسلام ئۆلىمالىرىغا شۈبھە بىلەن قارايدىغان، شۇنىڭدەك، ھەدىس بىلەن بەلگىلەنگەن ئەھكام مەسىلىلىرىگە باشقىچە قارايدىغان كەيپىيەت شەكىللەنمەكتە.ئەسلىدە،

ئىسلام ئۆلىمالىرى بىرلىككە كەلگەن، قۇرئان ۋە سۈننەت يولى بىلەن بېكىتىلگەن مەسىلىلەرنى قايتىدىن تالاش-تارتىش ماۋزۇسىغا ئايلاندۇرۇش ۋە بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئوپېراتسىيە يۈرگۈزۈش مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق ئىش ئەمەس. دىن دۈشمەنلىرى بۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ. ئۇلار بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىنى تەۋرىتىش ۋە ئۇلارنى دىندا شەككە چۈشۈرۈش قاتارلىق رەزىل مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

توغرا، ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ھەممىسى خاتالىقتىن مەسۇم كىشىلەر ئەمەس، چۈنكى پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھېچقانداق ئىنسان خاتالىقتىن خالىي ئەمەس. شۇڭا مەزھەپ ئۆلىمالىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىختىلاپىي مەسىلىلەر ئاز ئەمەس. بىز بۇئىختىلاپىي مەسىلىلەرنى ياكى پىكرى ئوخشاشماسلىقلارنى تۇتقۇ قىلىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ پەزىلىتىگە قۇسۇر ئېلىپ كېلىدىغان تەرەپلىرىنى ئىزدەپ يۈرمەسلىكىمىز لازىم. شۇنداقلا، ئۇلارنى ئەيىبلەشنىڭ ئىسلام ئۈممىتىگە نېمە پايدا ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرۈشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ھېچ بىر پايدىسى ئەمەس، ئەكسىچە زىيىنى بار. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىكى ئۆلىمالارغا بولغان ھۆرمەت، ئىخلاس ۋە ئەقىدە يوقاپ كېتىدۇ ياكى سۇسلىشىپ قالىدۇ. نەتىجىدە، كىشىلەر ئۆلىمالارنىڭ سۆزلىرىدىن شەكلىنىدىغان،

ھەتتا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ھالبۇكى ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەمەلىي ئۈلگە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەقىقىي ۋارىس بولۇپ ئۆتكەن زاتلاردۇر.

بۇنىڭدىن بىر قانچە ئاي ئىلگىرى تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمى تۈركىيە دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى پروفېسسور دوكتور مۇھەممەد گۆرمەزنىڭ «ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن دىن ۋە ئويدۇرۇلغان دىن» دېگەندەك ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان يېڭى سەپسەتىلەرگە بەرگەن رەددىيەسىنى ئاڭلاتتى. ماقالىدا مۇھەممەد گۆرمەز مۇنۇلارنى تەكىتلىگەن ئىدى: «ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن دىن ۋە ئويدۇرۇلغان دىن» دېگەن يېڭى ئۇقۇملارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشىغا ھەم ئىلمىي نۇقتىدىن، ھەم ئەخلاقىي نۇقتىدىن قېتىلىش قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. ئىلگىرى ئەرەب دۇنياسىدىمۇ بۇ ئۇقۇمنى «دىنىي مۇنەززەل ۋە دىنىي مۇبەددەل» (يەنى ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن دىن ۋە ئۆزگەرتىۋېتىلگەن دىن) دەپ ئوتتۇرىغا قويغانلار بولغان. ئەمدىلىكتە تۈركىيەدىكى مېدىيا ۋاستىلىرىدىمۇ بۇ مەزمۇندا مۇنازىرىلەر ئېلىپ بارىلىشقا باشلىدى. بۇ قەتئىي توغرا ئەمەس، بۇنىڭدا مۇنداق ئۈچ ئېھتىماللىقنى نەزەردە تۇتۇشىمىز لازىم:

بىرىنچى، ئەگەر بىرسى مۇشۇ خىل سەپسەتىلەر بىلەن» ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن دىن مېنىڭ ئېتىقادىم بويىچە مەن سىلەرگە چۈشەندۈرگەن دىندۇر. باشقىلاردەۋەت قىلىپ،ئەمەل قىلىۋاتقىنى بولسا، ئويدۇرۇلغان دىندۇر» دېمەكچى بولسا، ئۇنىڭ بۇ سەپسەتىسى تەكفىرچىلىك (يەنى باشقىلارنى كاپىرغا چىقىرىش) ئېقىمىنىڭ ئەڭ ئاشقۇن، ئەڭ يىرگىنىشلىك نامايەندىسىدۇر. بۇنداق سەپسەتىنى ئەلۋەتتە قەتئىي قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ.

ئىككىنچى، ئەگەر بۇ خىل قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار: «ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن دىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن، ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئەمەل قىلغان دىندۇر. ئۇلاردىن كېيىنكى مۇسۇلمانلار بۇ دىننى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى ۋە ‹ئويدۇرۇلغان دىن› غا ئايلاندۇرۇپ قويدى» دېمەكچى بولسا، بۇ ئىسلام تارىخىغا ئەڭ چوڭ بوھتان چاپلىغانلىقتۇر. چۈنكى ئىسلامنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىلگەنلىكىنى ۋە بۇزۇۋېتىلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاللاھنىڭ كىتابىغا شۇنداقلا ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى ۋەدىلىرىگە زىت كېلىدۇ. بۇ پۈتۈن ئىسلام تارىخىنى كاپىرلىققا چىقىرىۋەتكەنلىك ۋە ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەگەر بۇ سەپسەتىنى ئوتتۇرىغا چىقارغانلار

ئىسلام دىنىنىڭ پەقەتلا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئاللاھتىن چۈشۈرۈلگەن ۋەھىيدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، يەنى پەقەتلا قۇرئاندىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرمەكچى بولسا، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرى، سەھىھ ھەدىسلىرى ۋە ئىشەنچلىك خەۋەر مىراسلىرىنى «ئويدۇرۇلغان دىن» كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزۈپ قويغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قارىشىنى ھەرگىزمۇ ئىسلام دىنىدىن دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن ۋەھيىنىڭ، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئەمەل قىلىپ، بىزگە يەتكۈزگەن ھەقىقەتلەرنىڭ ئورتاق بىر پۈتۈن گەۋدىسىدۇر. ئۈممەتنىڭ ئىجما (يەنى ئورتاق پىكىر)، قىياس ۋە كۆزقاراشلىرىنى ئاساس قىلغان فىقھى مىراسى، ساغلام ئەقلىنىڭ ئىجتىهادى، ئىستىھسانى (يەنى خەلقنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى ئۈچۈن ياخشى دەپ قارالغان دىنىي ھۆكۈملىرى) ۋە ھېكمەتلىرى... قاتارلىقلارنى «ئويدۇرۇلغان دىن» دەپ قوبۇل قىلىش ئىلمىيلىكمۇ، ئەقىلگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

بۇ سەپسەتىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقانلارغا پۈتۈنلەي ياخشى گۇمان بىلەن باھا بېرىپ، «بۇلار ئەسلىدە دىنغا ئارىلىشىپ قالغان خاتا چۈشەنچىلەرنى، ئۆرپ - ئادەت ئەنئەنىلىرىنى، يەھۇدىي توقۇلمىلىرىنى، خرىستىيان رىۋايەتلىرىنى، بىدئەت ۋە خۇراپاتلىقلارنى كۆزدە

تۇتۇۋاتىدۇ» دېيىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئاقلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى دىنىي مەسىلىلەرنى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىش سەنئەت ئەمەس، بەلكى يالغانچىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈچ-تۆت تۈرلۈك توقۇلما خەۋەرلەرنى دەستەك قىلىۋېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى ۋە ھەدىس مىراسلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك رەت قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى «ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن دىن» دەپ ئاتىۋېلىشقان سەپسەتىلىرىگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

خەلقنىڭ پىكىر- ئېڭىنى ئۇرۇنسىز مالىمان قىلىش مەقسەت قىلىنغان بۇ خىل سۇيىقەستلەرگە، سوغوققان، پاراسەتلىك مىللىتىمىز قەتئىي يول قويماي كەلمەكتە. ھەرقانداق مۇسۇلمان «ئىسلام دىنى ئۆزگەرتىۋېتىلدى» دېگەن مەنىدىكى سۆزلەرنى قىلالمايدۇ ۋە قەتئىي قىلمايدۇ. «ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن دىن ۋە ئۇيدۇرۇلغان دىن» دېگەندەك سەپسەتىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىۋاتقان كىشىلەر ئەگەر بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق دىنغا يات بولغان خۇراپىيلىق ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىنى مەقسەت قىلغان بولسا، ئۇنى ئىپادىلەشنىڭ ئۇسۇلى ھەرگىزمۇ بۇ ئەمەس. چۈنكى دۇرۇس كۆزقاراشلارنى خاتا پىكىرلەر بىلەن كۆز - كۆز قىلىشقا بولمايدۇ. شۇڭا، ئىسلام دىنىنىڭ يېگانە ھامىيسى ئاللاھ تائالابولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئۇنداق ساختا ۋە ياۋىداق ئۇسۇل ۋە چارىلەر بىلەن قوغدايمەن دېيىش توغرا ئەمەس».

«ئويدۇرۇلغان دىن» دېگەن ئاتالغۇ ئازغۇن، خۇراپاتچىسوپى-ئىشانلارغا ماس كېلىدىغان سۆز بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا ئومۇمى مۇسۇلمانلار قاتلىمىغا كەڭ تارالغان مىكرۇب بولۇپ، پۈتۈن خۇراپاتلىقلارنىڭ ئۇۋىسى شۇلار ئىدى. شۇڭىمۇ، «ئويدۇرۇلغان دىن» دېگەن قاراشنى كۆتۈرۈپ چىققانلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ سەپسەتىسىنى بازارغا سېلىشتا، ئازغۇنسوپى-ئىشانلارنىڭ خۇراپاتلىرىنى، ئۇلارنىڭ ساددا ئىنسانلارنى دىن نامىدىن قاندىاق ئالدىغانلىقلىرىنى پەش قىلىش ئارقىلىق، ئىسلام ئۆلىمالىرىنى، مەزھەپ پېشۋالىرىنى، ھەدىس ئۆلىمالىرىنى سۆكىدۇ ۋە ئۇلارنى ئويدۇرۇلغان دىننىڭ مەنسۇپلىرى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قىلمىشى بىلەن، تارىختىن بېرى ئىسلامغا خىزمەت قىلىپ ئۆتكەن ئۆلىمالارنى ئەيىبلەپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام ئۆلىمالىرىغا بولغان مۇھەببىتىنى ۋە ئىخلاسىنى تۆۋەنلىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلىمالارغا قارىتا ئىشەنچىسى، ئىخلاسى ۋە مۇھەببىتى تۆۋەنلەپ كەتسە، بۇ ئۇلۇغ تۆھپىكارلىرىمىزنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئىلمىي مىراسلىرىنى ئۆگىنىشتىن مۇسۇلمانلار مەھرۇم قالىدۇ. چۈنكى ئىنسانلار ئۆزلىرى ئىشەنچ قىلالمىغان كىشىلەرگە قىزىقمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىلىم خەزىنىسىدىن مەنپەئەت ئېلىشنى خالىمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسى بىلەن ئۆلىمالار ئوتتۇرىسىدا چوڭ ھاڭ

پەيدا بولىدۇ-دە، ئۆلىمالارنىڭ ئىلمى ئۆزلىرى بىلەن كېتىدۇ. بۇنىڭدىن خەلق زىيان تارتىدۇ.

شەكسىزكى، ئىسلام دىنىنى «ئاللاھتىن چۈشكەن دىن» ۋە «ئويدۇرۇلغان دىن» دەپ ئىككىگە ئايرىش، مۇسۇلمانلارنى «ئاللاھ چۈشۈرگەن دىنىنىڭ مەنسۇپلىرى» ۋە «ئويدۇرۇلغان دىنىنىڭ مەنسۇپلىرى» دەپ بۆلۈش ئاللاھنىڭ دىنىغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ زىيانكەشلىكتۇر. چۈنكى ھازىر مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۆلپەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۇلارنىڭ ئىناقسىزلىقى سەۋەب بولماقتا.

جانابى ئاللاھ تەپرىقچىلىك ۋە ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىۋاتقان پۈتۈن مۇسۇلمان ئاممىسىنى ۋە شۇ جۈملىدىن مۇسۇلمان ئۇيغۇر خەلقىنى بۇنىڭدەك ئازغۇنلارنىڭ پىتنە-پاساتلىرىدىن ئامان - ئېسەن قىلسۇن، ئامىن!

# ساختىلاشقان سەلەپىيلەر

## سەلەپ سالىھلار كىملەر؟

ھازىرقى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە سەلەپ سالىھلارنىڭ يولىغا ئەگىشىش شۇئارى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان بىر قىسىم قىزىق قىزىق ياشلار بار. ئۇلار بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ئىلىم ئالغان يېتۈك دىنى زاتلار ئارىسىدا خېلى ئېغىر چۈشەنمەسلىكلەر يۈز بەرمەكتە. بۇ خىل چۈشەنمەسلىكنىڭ داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۆزىنى سەلەپىي جامائەتتىگە تەۋە قىلىۋالغان مەزكۇر كىشىلەر دەسلەپكى سەلەپ سالىھلارنىڭ تۇتقان يولى بىلەن ھازىرقى سەلەپىيچىلىك ئېقىمىنى پەرقلەندۈرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسچىلىرىغا ۋە دىنىمىزغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ئۆلىمالارغا، مەزھەپ پېشىۋالىرىغا قارشى ناتوغرا چۈشەنچىلەرنى ئارىغا سۆرەپ كىرگەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇلار ئۆزى ياقىلايدىغان ئەقىدە ۋە فىقھى كۆزقاراشلارنىڭ بىردىنبىر ھەق يول، باشقىچىرەك چۈشەنچە ۋە كۆزقاراشتا بولغان مۇسۇلمانلارنى «بىدئەتچىلەر»، «ئازغۇنلار»، «مۇشرىكلار» دېگەندەك

تۆھمەتلەر بىلەن ئەيىبلەشكە ئىلدىراپ قالغان. شۇڭا ئۇلار كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئىچىدە ئىچكى سۈركىلىش پەيدا قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش رولىنى ئوينىغان.

بۈگۈنكى كۈندە ئوتتۇراھاللىق تەشەببۇسكارلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان، سۇدان مائارىپ مىنىستىرى ئەللامە دوكتور ئىسام ئەلبەشىر قاتارنىڭ «ئەل جەزىرە» تېلېۋىزىيە قانىلىدا ئېلىپ بارغان «سەلەپ سالىھلارنىڭ يولى مۇئەييەن مەزھەپمۇ ياكى ئۈلگە قىلىنىش كېرەك بولغان يولمۇ؟» دېگەن تېمىدىكى سۆھبىتىدە تۆۋەندىكىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان:



## سەلەپ ۋە سەلەپىيلىك

«سلف» (سەلەپ) ئاتالغۇسى ئىلگىرى ئۆتكەن ۋاقىتنى ۋە بۇرۇنقى زامانىنى كۆرسىتىدىغان ئەرەبچە سۆزدۇر. «قۇرئان كەرىم»دە «سلف» دېگەن سۆز تۆۋەندىكى ئايەتلەردىمۇ ئۆتكەن زامان مەنىسىدە كەلگەن: ﴿وَأَنْ تَجْمَعُوا بَيْنَ الْأُخْتَيْنِ إِلَّا مَا قَدْ سَلَفَ﴾ يەنى «ئىككى ھەمشىرىنى بىر ۋاقىتتا ئەمرىڭلاردا ساقلىشىڭلار ھارام قىلىندى. لېكىن ئۆتكەنكىلەر (يەنى جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغىنىڭلار) ئەپۇ قىلىندۇ»[1]، ﴿فَمَنْ جَاءَهُ مَوْعِظَةٌ مِنْ رَبِّهِ فَانْتَهَى فَلَهُ

[1] نىسا سۈرىسى: ـ 23ئايەت.

مَـا سَـلَفَ ﴿ يەنـى «كىمكـى رەببـى تەرىپىدىـن ۋەز-نەسـىھەت كەلگەندىـن كېيىـن (جازانىدىـن) يانسـا، بـۇرۇن ئالغىنـى ئۆزىنىـڭ بولىـدۇ»[1].

سـەلەپ ئۇقۇمىنىـڭ ئىسـتېمال مەنىسى، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكـى ئاۋۋالقـى ئـۈچ ئەسـىردە ئۆتكـەن ئۆلگىلىـك مۇسـۇلمانلارغا قارىتىلغان سـۆز بولـۇپ، بۇنىڭدىـن ساھابى كـرام، تابىئىـن، (يەنـى ساھابى كىراملارغـا ئەسـىرداش) ۋە ئۇلاردىـن كېيىنكـى ئەسـىردە ياشـىغانلار كـۆزدە تۇتۇلـىدۇ. چۈنكـى بـۇ ئـۈچ ئەسـىردىكى ئـەۋلادلار ئىسـلام دىنىنـى پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام باشـلاپ بەرگـەن يـول بويىچـە ئېلىـپ بېرىـش بىلـەن بىرگـە، ئىلىـم بىلـەن ياخشـى ئەمەلنـى بىرلەشتۈرگەن ئـەۋلادلار بولـۇپ، نەتىجىـدە ئـۇلار ئۆزلىرىنىـڭ بـۇ پەزىلىتـى ئارقىلىـق ئـۆز مەرتىۋىلىرىنـى بەلگىلـەپ تۇرغۇچـى «سـەلەپ سالىھلار» دېگەن بۇ ئېسـىل ئۇنۋانغـا ئېرىشـكەن. بـۇ مەسـىلىنىڭ يەنـە بىرئاھىـدە تەرىپى شـۇكى، سـەلەپ سـالىھلاردىن ئىبارەت بۇ پەزىلەتلىك نامنىـڭ كېلىـپ چىقىشـى شـەرئىي بايانلاردىـن ئېلىنغـان بولـۇپ، پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام بۇھەقتـە مۇنـداق دېگەن: «سـىلەرنىڭ ياخشـىلىرىڭلار مېنىـڭ زامانىمدىكىلـەردۇر، ئاندىـن ئۇلارنىـڭ زامانىغـا يېقىـن بولغانـلاردۇر، ئاندىـن

[1] بەقەرە سۈرىسى: 275 ـ ئايەت.

ئۇلارنىڭ زامانىغايىقىن بولغانلاردۇر»[1]. شۇڭا ئۆلىمالار بۇ ھەدىسكە ئاساسەن سەلەپ سالىھلارنىڭ ئۆلگىلىك نەمۇنىلىرى ئاۋۋالقى ئۈچ ئەسىردە ئۆتكەنلەر، دەپ كۆرسەتكەن.

## سەلەپسالىھىنلارنىڭ يولى چەكلىك ئەمەس

سەلەپ سالىھلارنىڭ يولى ئۈچ ئەسىرلىك ئۇزۇن يولدۇر، بۇ يولدا ئىمام ئەزەم، ئىمام شافىئىي، ئىمام مالىك ۋە ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل قاتارلىق مەشھۇر تۆت مەزھەپ ئىماملىرى يۈرگەن، ئۇلاردىن كېيىن، سۇفيان ئەسسەۋرى، سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە، ئەۋزائىي، لەيس ئىبن سەئد، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ۋە شۇلارغا ئوخشىغان ئۆلىمار كارۋىنى بېسىپ ئۆتكەن ئۇلۇغ يولدۇر. بۇلارنىڭ يولىدا ماڭغان، ھەمدە بۇ يولنى مېتود قىلغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سەلەپ سالىھلارنىڭ يولىدا يۈرگەن كىشىلەردۇر.

سەلەپ سالىھىنلارنىڭ يولى ئالدىنقى شۇ ئۈچ ئەسىر بىلەن ئۈزۈلۈپ قالغان دېيىش، توغرا ئەمەس. ھەدىس شەرىپتە «سەلەپ سالىھلار ئاشۇ ئۈچ ئەسىر مابەيىندىكى كىشىلەر» دەپ تىلغا ئېلىنغانلىقى توغرا. ئەمما شۇ بىر ھەقىقەتكى، بۇ ئۈچ ئەسىرمابەيىندىكى كىشىلەرنىڭ يولىدا

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

يۈرگەن ۋە بۇ يولدا مۇستەھكەم تۇرغانلارمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن ئۇرۇن ئالىدىغانلىقىدا گۇمان يوق. چۈنكى جانابى ئاللاھ بۇھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿بۇلار بولسا ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر جامائەدۇر. كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدىن بىرجامائەدۇر﴾[1]. دېمەك، ئاۋۋالقىلارنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرغانلارمۇ شۇلاردىن سانىلىدۇ.

سەلەپ سالىھلارنىڭ يولى، ئۆزلىرىگە سەلەپىي ئىسمىنى قويۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز كۆز قارىشىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر قىسىم ئۇسۇل ۋە مېتودلىرىنى تۇتۇپ، ئۆزلىرىنى سەلەپ سالىھلارغا تەۋە قىلىپ كۆرسىتىدىغان، ئېقىم خاراكتېرلىك ياكى مەزھەپتۇسىنى ئالغان، ياكى جامائەتلەشكەن سەلەپىيچىلىكلەرنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈرۈش لازىم. چۈنكى ھەقىقىي سەلەپىيلىك مەلۇم بىر ساھە ياكى مەلۇم بىر تەرەپ بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان ئەمەس.

سەلەپ سالىھلارنىڭ يولى پەقەت بىرلا فىقھىي قاراشنى ياكى مۇئەييەن پىكىر ئەھلىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ يولى ئىنتايىن كەڭرى ۋە ئازادە يولدۇر. ئۇلار ئاساسلىق ئەقىدە مەسىلىلىرى، قائىدە-پىرىنسىپلىرى، ئىسپاتى ئېنىق ۋە قەتئىيلىكى كۈچلۈك مەسىلىلەردە بىرلىككە كەلگەن بولسىمۇ، فىقھى ۋە ئۇششاق مەسىلىلەردە زامان،

---

[1] ۋاقىئە سۈرىسى 39-40 ئايەتلەر.

ماكان ۋە شارائىتنى نەزەرگە ئالغان ھالدا كەڭرى يول تۇتقان. شۇڭا فەقىھ ئالىملارنىڭ فىقھىي مەسىلىلەردىكى كۆزقارىشى ۋە بەرگەن پەتىۋاسى ئوخشاش بولمىغان.

## سەلەپىيلىك دەۋاسى قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى سەلەپىيلەر ئەمەس

زامانىمىزدا سەلەپىي دەۋاسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىۋالغان كۆپ سانلىق كىشىلەر بۇرۇنقى سەلەپ سالىھلار يولىغا داغ تەككۈزىۋاتقان ناتەۋانلاردۇر. ئۇلار پىكرى قاراشلىرى ئۆزلىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەرقانداق بىر شەخسنى ئاسانلا كاپىرغا چىقىرىش، ئۆزىدىن باشقا ئىسلامىي جامائەتلەرنى مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىدىن سانىماسلىقتەك خاتا ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان ساختا سەلەپىلەردۇر. ئۇلار فىقھىي مەزھەپلىرىنى سۆكىدىغان، ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە قاتارلىق مەزھەپ پېشۋالىرىنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئۆزلىرىنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب مەدرەسىسىگە مەنسۇپ قىلىۋالغان، ئەللامە ئىبنى بازنىڭ ئەتىۋالىق مۇرىتلىرى قاتارىغا كىرگۈزىۋالغان ۋە ئۆزلىرىنى سەلەپ سالىھلارنىڭ بىردىنبىر ۋەكىلى قىلىپ كۆرسىتىدىغان تەنتەك كىشىلەردۇر. بۇ كىشىلەر ھەقىقىي تەۋھىد پىرىنسىپىنى ياقلاشنىڭ ئورنىغا، ئۆزلىرىنىڭ پىكرىي قاراشلىرىغا ياقمايدىغان ھەرقانداق كىشىنى

ۋە ھەرقانــداق جامائەتنــى «بىدئەتچــى»، «مۇشــرىك» دېگەنــدەك يامان سۆزلەر بىلەن قارىلاشقا كىرىشىپ كەتكەن ئەســەبىي كىشــىلەردۇر.

ئىشــنىڭ قىزىــق يېــرى، ھازىــر ئۆزلىرىنــى سەلەپىيلىك ئېقىمىغا مەنسۇپ قىلىۋالغان بىــر قىســىم قېرىنداشلىرىمىز ئىمام ئەبۇ ھەنىفە قاتارلىق مەزھەپ ئۆلىمالىرى ۋە ھەدىس پېشــۋالىرىدىن بولغــان ئىمام بۇخارىغــا تىــل ئۇزىتىشــنى رەۋا كۆرىــدۇ. ھالبۇكــى، ئىمــام ئەھمەد ۋە ئىمام بۇخارىلار سەلەپىيلەر زامانىــدا ۋە سەلەپىيلىك مۇھىتىــدا ياشــىغان ھەقىقــي سەلەپىيلەر ئىــدى.



## ھەقىقىي سەلەپىيلىك پەيغەمبەرنىڭ يولىدا ئىزچىل مېڭىشتۇر

سەلەپىيلىك بىــر جامائەتكــە ياكــى مۇئەييــەن بىــر مەزھەپكــە خــاس ئەمــەس. بەلكــى ئــۇ ئومۇمىــي بىــر ئاتالغــۇدۇر. سەلەپىيلىكنى ئايرىــم بىــر مەزھــەپ شــەكلىدە گەۋدىلەنــدۈرۈپ، ئۇنــى تــار بىــر دائىرىگــە ئەكىرىــپ قويىدىغانــلار ۋە شــەيئىلەرنىڭ ئىچكى ماھىيىتىگە كۆڭــۈل بۆلمەي، ئۇنىڭ تاشقى تەرىپىگە قاراپلا ھۆكۈم قىلىدىغانلار ھەقىقــي سەلەپىيلەردىن ئەمــەس. بــۇ خىــل كىشــىلەر ھەققىــدە ئەللامــە ئىبنــى قەييىم جەۋزى مۇنــداق دېگــەن: «ئۇلارنىــڭ ئارىســىدا شــۇنداق بىرىنــى ئۇچرىتىســىزكى، قاراشقا ئــۇ ئىشــتاننى قىسقا كىيىۋالغانــدەك قىلغىنــى بىلــەن

ئۇنىڭ قەلبىدە پىرئەۋنىنىڭ كىبىرىسى يوشۇرۇنغان»[1].
چۈنكى ئۆزىنى «سەلەپىي» دەۋالغان كىشىلەرنىڭ تولىسىدا كىبىر ۋە ئۆزىنى ئالاھىدە ساناش ئىللىتى ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇلار ئادەتتىكى مۇسۇلمانلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ھەتتا باشقا مەزھەپتىكى ۋە باشقىچىرەك پىكىردىكى كىشىلەرنى ئىسلام ئۈممىتىدىن سانىمايدۇ.

قىسقىسى، ساقالنى ئۇزۇن قويۇۋېلىش ۋە ئىشتاننى قىسقا كىيىش سەلەپىيلىكنىڭ ئىپادىسى ئەمەس. چۈنكى سەلەپ سالىھلارغا ئەگىشىش شەكىل ياكى كىيىم ـ كېچەكتە ئەمەس، بەلكى ئەمەلدە كۆرسىتىش بىلەن بولىدۇ. دېمەك، سەلەپ سالىھلارنىڭ يولىغا تەۋە بولۇش قۇرۇق شوئار بىلەن ياكى ئۇنى ئۆزىنىڭ پىكرىي قاراشلىرىغا شوئار قىلىۋېلىش بىلەن ئەمەس، ئەكسىچە سەلەپ سالىھلارنىڭ يولىنى ئۆزىنىڭ پىكرىي قاراشلىرىنىڭ ئاساسى قىلىپ تىكلەش، ئۇلارنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ يولىدا ئىزچىل مېڭىش بىلەن بولىدۇ.



[1] چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى، ئىشتاننى ئۇزۇن كىيىپ، بۇ ئىشتىنى پەقەت ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشنى مەقسەت قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايدۇ» (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى).